




# ئەخمەق پادىشاھ

(تاللانغان بالىلار چۆچەكلىرى)




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى، تۇردىجان تۇرغۇن


## ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى




ISBN 978-7-89415-023-3



هۆرمەتلىك ______________ گە:

______________________________________

______________________________________

______________________________________

______________________________________

______________ دىن تەقدىم

- يىلى - ئاينىڭ - كۈنى








# ئەخمەق پادىشاھ

(تاللانغان بالىلار چۆچەكلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

**ئەخمەق پادشاھ**

(تاللانغان بالىلار چۆچەكلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 ‐ 7 ‐ 89415 ‐ 023 ‐ 3
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# مۇندەرىجە


ئادەم ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلمايدۇ.......... 1
كەنجى.......... 7
ۋەھىمە پالاكەت كەلتۈرەر.......... 13
ئىككى ھۆرۈننىڭ ئۆلۈمى.......... 15
يېتىم تازنىڭ تويى.......... 17
كالىغا يەم بېرىش.......... 36
ئۈچ ئەخمەقنىڭ جاۋابى.......... 38
ھەسەل.......... 39
بىلەرمەنلەر.......... 42
باغۋەن بىلەن غوجايىن.......... 44
سوئال.......... 46
ھەقىقىي بايلىق.......... 51
بەش گاس.......... 53
گاسنىڭ بىمارنى زىيارەت قىلىشى.......... 57
ئەخمەق دېۋىلەر.......... 58
ئەخمەق پادىشاھ.......... 62
قېرىغاندا ئېچىلغان بەخت .......... 63
تاغ ئىچىدىكى تاغ.......... 72
ئاچ كۆز باي.......... 74
تاي بىلەن بالا.......... 75
نان، دان، يەم ئېلىپ كەل.......... 81
ئەخمەق ئىزدىگەنلەر ئەخمەق.......... 83
موماي بىلەن بۆرە.......... 86
ھۆرۈننىڭ ئۆلۈمى.......... 89
كۆزگە ئىلمىغان پۈتقا چوماق.......... 92
قازىنىڭ ئاقىۋىتى.......... 94
مازاقخور مازاقتا ئۆلەر.......... 98
يىلان، دېھقان ۋە قارلىغاچ.......... 100



# ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ناهايىتى هىيلىگەر بولۇپ، كەنجى ئوغلى بەكمۇ ساددا، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. ئاكىلىرى ئۇنى دائىملا «ئەخمەق» دەپ تىللايدىكەن. ئەمما دادىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. بوۋاي: «مېنىڭ كەنجى ئوغلۇم داۋادۇرچى ناهايىتى ياخشى ئادەم بولىدۇ» دەپ مەغرۇرلانسا:

— هە، سېنى كىم بېقىۋاتىدۇ؟ كىم پۇل تېپىۋاتىدۇ؟— دەپ ئىككى چوڭ ئوغلى بوۋايغا دوق قىلىدىكەن.

بىر كۈنى داۋادۇرچى يولدا كېلىۋېتىپ، چۈشۈپ قالغان بىر باغلام پۇلنى تېپىۋاپتۇ ۋە دەرهال پۇل چۈشۈرۈپ قويغان ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئات بىلەن قوغلاپ بېرىپ، تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئاكىسى:

— «يامانغا ياغ ياراشماس» دېگەندەك، بىر ئاتنى قىيناپ، ئۇنى قوغلاپ بارغىنىنى قارا، هەي ئەخمەق!— دەپ تازا تىللاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى داۋادۇرچى تاغدا قوي بېقىۋاتسا، باشقا بىر كىشىنىڭ ئېزىقىپ كەتكەن قويلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ قويلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. داۋادۇرچى ئۇ قويلارنىڭمۇ ئىگىسىنى تېپىپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئاكىسى يەنە:

— سەن نېمىدېگەن ئەخمەق؟ خۇدايىم بەرگەن قويلارنى سويۇپ يەۋالماي، ئىگىسىگە بېرىۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ ساڭا بەرگەن تاماقمۇ هارام كېتىپتۇ، — دەپ ئىنىسىنى تازا ئۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى چوڭ ئاكىسى داۋادۇرچىنى سىنىماق بولۇپ، پۇل بېرىپ، بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

— بۇ پۇلغا ئۆزۈڭگە نېمە لازىم بولسا، شۇنى سېتىۋال، — دەپتۇ.

— ها... ها... ها! بۇ ئەخمەق نېمە سېتىۋالالايدۇ دەيسەن؟— دەپ كۈلۈپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

كەچ كىرىپ، ئەل ئۇخلاي دېگەن ۋاقىتتا داۋادۇرچى بازاردىن قايتىپتۇ.

— قېنى، ئۇكام، سودا قىلالىدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ چوڭ ئاكىسى.

— بازارنىڭ ھەممە يەرلىرىنى قالدۇرماي ئارىلىدىم، ماڭا لازىم ھېچ نەرسە يوق ئە-
كەن. مە، ئال پۇلۇڭنى!— دەپ ئاكىسىغا ياندۇرۇپ بېرىپتۇ.

ئاكىسى تېخىمۇ خاپا بولۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن، سەندەك ئەخمەقنى باقمايمەن!— دەپ قوغلاپ چىقارماقچى
بوپتۇ.

— ياق! ئۇنى نەگە قوغلايسەن، ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، ئۇ سىلەردەك ھىيلىگەر ئەمەس،

— دەپتۇ ئاتىسى. داۋادۇرچى بوۋايغا قاراپ:

— ھېچقىسى يوق، دادا! مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، مەن ئۆلمەيمەن، شەرقتە بىر دانىش-
مەن بوۋاي بار دەيدۇ. دۇنيادىكى مەندەك غېرىپ كىشىلەر بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەقىل سوراپ
مۇرادىغا يېتىدىكەن. مەنمۇ شۇنىڭ قېشىغا باراي، — دەپ تايىقىنى ئېلىپ، يىراق سە-
پەرگە چىقىپتۇ.

داۋادۇرچى مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى بىر ئەلگە يېتىپتۇ. قارىسا، بۇ ئەلنىڭ مال -
ۋارانلىرى قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرالماي قاپتۇ، ئادەملىرى بولسا، چى-
رايلىرى ساماندەك سارغىيىپ، داد - پەرياد قىلىشىپ يېتىپتۇ.

— سىلەرگە نېمە بالا يەتتى؟— دەپ سوراپتۇ داۋادۇرچى ئۇلاردىن.

— ئۇكام، بىزنىڭ دەريانىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەنگە توپتوغرا بىر ئاي بولۇپ قال-
دى. ئالتۇنسىز ئۆمۈر سۈرۈش مۇمكىن، ئەم-
ما سۇسىز ھايات كەچۈرۈشكە بولمايدىكەن.
ئەگەر مۇشۇ ھال داۋاملىشىدىكەن، ھەممىمىز
قىرىلىپ كېتىدىغان ئوخ-
شايمىز، — دېيىشىپتۇ.



داۋادۇرچى ئۇلارغا:

— مەن يىراقتىن دانىشمەن بوۋاينىڭ يېنىغا كېتىپ بارىمەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا سىلەرنىڭ مۇشۇ ھالىڭلارنى ئېيتىپ قوياي، — دەپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

كۆن پاتاي دېگەندە تاغ باغرىدىكى بىر يالغۇز ئۆيگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۆيدىن گۆزەل بىر قىزنى يېتەكلەپ، بىر موماي چىقىپتۇ. داۋادۇرچى موماي بىلەن قىزغا سالام بېرىپتۇ. ئەمما قىزدىن ھېچقانداق جاۋاب چىقماپتۇ.

موماي ئالدىراپ:

— بالام، قىزىمدىن خاپا بولماڭ، ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇ. ئۆمۈر بويى كۈننىڭ نۇرىنى كۆرەلمىگەن، سۆزلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، — دەپتۇ-دە، يىغلاپ كېتىپتۇ.

داۋادۇرچى:

— يىغلىماڭ، چوڭ ئانا، — دەپتۇ، — مەن دانىشمەن بوۋاينىڭ يېنىغا كېتىپ بارىمەن، قىزىڭىزنى قانداق ساقايتىش مۇمكىنچىلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراپ كېلەي، — دەپتۇ-دە، يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

داۋادۇرچى تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، دەريالاردىن ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغ بېشىدىكى دانىشمەن بوۋاينىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ.

دانىشمەن ئۇنى كۆرۈپ:

— مېنى قانداق ھاجەت بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭ؟— دەپتۇ.

— بۇياقتا بىر ئەلنىڭ دەريا سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپ، ئادەم ۋە ماللىرى ھالاك بولۇشقا ئاز قاپتۇ. يەنە بىر ئەما قىز كۆردۈم، ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگىچە كۈننىڭ نۇرىنى كۆرمەپتۇ، خۇشال بولۇشنىمۇ بىلمەيدىكەن. قانداق قىلغاندا دەرياغا سۇ كەلتۈرۈشكە ۋە قانداق قىلغاندا قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتىشقا بولىدىغانلىقىنى سىزدىن سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ داۋادۇرچى.

دانىشمەن بوۋاي ئۇنىڭغا:

— سەن قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريانىڭ بېشىغا بارساڭ، بۇ مۇشكۈل شۇ يەردە ھەل بولىدۇ. ئەمدى قىزنى بولسا، ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى سول قولىدىن تۇتسا، دەرھال ساقىيىدۇ. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئەتە كۈن چىققىچە بېجىرىپ بولۇشۇڭ كېرەك، — دەپتۇ. داۋادۇرچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭماقچى بولغاندا بوۋاي:

— توختا، سەپىرىڭ يىراق، ئۈلگۈرەلمەيسەن، ئات مىنىپ كەت، — دەپ بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، ئېگەرلەنگەن بىر تۇلپار ئات داۋادۇرچىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. داۋادۇرچى ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

— دانىشمەنىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاڭ! قىزىڭىزنىڭ بولغۇسى ئېرى ئۇنىڭ سول قولىنى تۇتقاندا، قىزىڭىز دەرھال ساقىيىدىكەن، — دەپتۇ.

موماي خۇشال بولۇپ:

— مىڭ رەھمەت، بالام، ئۇنىڭ قايسى قولى سول قولى بولىدۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ بەرسەڭچۇ، — دەپتۇ.

— مۇنۇ سول قولى بولىدۇ، — دەپ داۋادۇرچى قىزنىڭ سول قولىنى تۇتقانىكەن، شۇ زامانلا قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ۋىيەي، ئانا، كۆزۈم ئېچىلدى، ئاسمان! كۈن! تاغ، يايلاق! ئەنە، ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن. مەن بەختلىك ئىكەنمەن، — دەپتۇ.

ئانىسى داۋادۇرچىنى قۇچاقلاپ، ماڭلىيىدىن سۆيۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، قىزىمنىڭ بولغۇسى ئېرى سەن ئىكەنسەن، مېنىڭ بالام ئىكەنسەن، ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغىن، بىزدە ئۆي - جاي ھەممىسى بار، سىلەرنى قوشۇپ قويىمەن، بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇڭلار، — دەپتۇ.

— ياق، ئانا! مەن ھازىرچە بۇ يەردە بولالمايمەن. ئەتە كۈن چىققىچە دانىشمەنىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزمىسەم، پۈتۈن بىر ئەل ھالاك بولۇپ تۈگەيدۇ، — دەپ داۋادۇرچى مېڭىشقا ئالدىراپتۇ.

— ئاكا! مەن سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. مېنى ئېلىپ كېتىڭ، — دەپ گۈزەل قىز ئۇنىڭغا يېپىشىۋاپتۇ.

داۋادۇرچى گەپ قىلماستىنلا قىزنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋېلىپ، مېڭىپ كېتىپتۇ.

دەريا سۇلىرى قۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى ئەلگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ھەممىسى بۇرۇنقىدەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلالماي يېتىپتۇ. داۋادۇرچى ئۇلارغا:

— بۇرادەرلەر! دانىشمەنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار! ماغدۇرۇڭلار بارلار دەررۇ دەريانىڭ بېشىغا بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ نىمجان بولۇپ يېتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئاز - تولا ماغدۇرى بارلاردىن بىرنەچچىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، داۋادۇرچىغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

داۋادۇرچى كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، خوتۇنىنى مىنگەشتۈرۈپ، دەريانىڭ بېشىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ دەريانىڭ بېشىغا بېرىپ قارىسا، ناھايىتى چوڭ بىر پىل ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەشۇ پىلنىڭ جەستى دەريانى توسۇۋالغانلىقتىن، سۇ باشقا ياققا ئېقىپ كەتكەنىكەن. داۋادۇرچى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئەگەشتۈرۈپ بارغان كىشىلەر بىلەن پىلنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دەريانىڭ سۈيى ئۆز قىنىغا چۈشۈپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر داۋادۇرچىغا رەھمەت ۋە تەشەككۈر ئېيتىپ، خۇشال بولۇشۇپتۇ.

— قېنى، مېھرىبانىم، ئارزۇ - تىلىكىمنى ئورۇنلىدىم. ئەمدى بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، سىزنى دادامغا كۆرسىتەي، — دەپتۇ داۋادۇرچى.

ئىككىلىسى يول يۈرۈپ بىر دەريا بويىدىكى سازنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ بېرىپ، دەم ئالماقچى بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپ قارىسا، قۇمنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق بىر بېلىق نىمجان بولۇپ يېتىپتۇ. داۋادۇرچى ئۇنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، دەرياغا قويۇۋېتىپتۇ. بېلىق سۇغا چۈشكەندىن كېيىن بىر - ئىككى ئېغناپ، بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ:

— جان ئاكا، سەل تۇرۇپ تۇرغىن، — دەپ قويۇپلا، سۇ ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، دەريادىن تۇلپار ئاتقا مىنگەن بىر كىشى داۋادۇرچىنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— سىزنى دېڭىز پادىشاھى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى، قېنى، تېز يۈرۈڭ، — دەپتۇ. داۋادۇرچى ئۇنىڭغا قاراپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭكىگە بارىمەن؟— دەپتۇ.

— سىز دېڭىز پادىشاھىدىن قورقۇۋاتامسىز؟

— ياق، قورقۇۋاتقىنىم يوق. ماقۇل، بارسام باراي، دېڭىز پادىشاھىنى كۆرۈپ كېلەي، — دەپتۇ-دە، خوتۇنىغا قاراپ، — سەن دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، — دەپ قويۇپ، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇلار ئوردىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادىشاھ قولىغا چىرايلىق بىر بېلىق تۇتقان ھالدا داۋادۇرچىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

— كېلىڭ! ساق - سالامەتمۇسىز؟ مېنىڭ سۆيۈملۈك يالغۇز قىزىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپسىز، رەھمەت.

بىردەمدىلا سۇ پادىشاھىنىڭ قولىدىكى ھېلىقى بېلىق ئالتۇن چاچلىق ئاپپاق قىز بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ يەنە:

— سىز بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ! سىزگە قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت، پادىشاھىم. مەن بۇ يەردە تۇرالمايمەن، يەر ئۈستىدە خوتۇنۇم، قېرى دادام كۈتۈپ قالدى. ئۇلارغا مەندىن باشقا قارايدىغان ئادەم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ داۋادۇرچى.

— مەيلى، بۇ يەرنى خالىمىسىڭىز، زورلاپ قالدۇرالمايمەن. قىزىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئازراق نەرسە تەقدىم قىلىمەن. مانا بۇ: «سۇلايمان قالپاق». بۇنى كىيىۋالسىڭىز، ئادەمگە كۆرۈنمەس بولۇپ قالىسىز. مانا، بۇ «ئالتۇن پالتا». بۇنى يەرگە يەتتە قېتىم چاپسىڭىز، ئالتۇن ئىمارەت پۈتۈپ چىقىدۇ. يەنە بىر «جۇۋا» بېرەي، بۇمۇ سىزگە كېرەك بولۇپ قالار. بۇنى كىيىپ ئۈچ قېتىم سىلكىنسىڭىز قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، — دەپ پادىشاھ سوۋغىلىرىنى بېرىپتۇ ۋە خىزمەتچىلىرىگە بۇ يىگىتنى ئۇزد-

تىپ قويۇشنى تاپشۇرۇپتۇ.

داۋادۇرچى ئوردىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارىسا، تۇلپار ئات شۇ يەردە هازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئاتقا مىنگەن زامان قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھ بەرگەن جۇۋىنى كىيىۋېلىپ، سۇلايمان قالپاق بىلەن ئالتۇن پالتىنى قوينىغا سېلىپ، ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

كۆن پاتاي دېگەن ۋاقىتتا داۋادۇرچى مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ چېتىدە يېڭى بىر ئۆي تۇرغىدەك. شۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىمىكىن دەپ قارىسا، چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيى ئىكەن. داۋادۇرچى سۇلايمان قالپاقنى كىيىپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۆيدە ئىككى ئاكىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

— يامغۇر ياغمىغىلى ئۇزاق بولدى، قۇرغاقچىلىقتىنماللىرىمىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىز مال ۋە ئۆيلىرىمىزنى دەريا بويىغا كۆچۈرۈۋالايلى، قېرى دادىمىز بىلەن ئەخمەق ئىنىمىز نېمە بولسا بولسۇن، كارىمىز يوق، — دەپتۇ چوڭ ئاكىسى. بۇ سۆزلەرگە ئىككىنچى ئاكىسمۇ ماقۇل بولۇپتۇ.

داۋادۇرچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كېلىپ، كۆرۈندىمەستىن يېتىپ قاپتۇ. ئاكىسى شۇ كېچىسى مال ۋە ئۆيلىرىنى كۆچۈرۈپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا داۋادۇرچى سۇلايمان قالپىقنى بېشىدىن ئالغاندا، دادىسى بىلەن ئايالىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ.

— بالام، سېنىڭ كەلگىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ كەتتى. ئەمدى بىرەر سۇلۇق يەرگە بېرىپ قونمىساق بولمىدى. چېيىڭنى ئىچىۋېلىپ ئاكاڭنىڭ يېنىغا بار، كۆچۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ كەلگىن، — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، خاتىرجەم بولغىن، ئۇلار بىزنى تاشلاپ بۈگۈن تۈندە كەتتى، — دەپتۇ داۋادۇرچى.

دادىسى بۇنى ئاڭلاپ ئىككى چوڭ ئوغلىنى قاتتىق قارغاشقا باشلاپتۇ. داۋادۇرچى دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى توختىتىپ:

— ئۇنداق قارا نىيەت كىشىلەردىن ياردەم كۈتمەيمىز. بىزگە بۇ يەردىن كۆچۈشنىڭ هاجىتى يوق. بىز مۇشۇ قۇرغاقچىلىق باسقان جاينى ئاۋات قىلىپ، مۇشۇ يەردە قېلىۋېرىمىز، — دەپتۇ-دە، ئۆيدىن چىقىپ، نېرىراق بېرىپ، ئالتۇن پالتىسىنى يەرگە يەتتە قېتىم ئۇرغانىكەن، شۇ زامان ئالتۇن ئۆي پەيدا بوپتۇ.

دادىسى ئالتۇن ئۆينى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ، يەنە ھەسرەتلىنىپ:

— سۇ!— دەپتۇ.

— هازىر، ھەممىسى بولىدۇ، — داۋادۇرچى ھېكمەتلىك جۇۋىسىنى كىيىپ، ئۈچ قېتىم سىلكىنگەنىكەن، شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇ يامغۇر توختىماي ئۈچ سائەت

يېغىپتۇ. يامغۇردىن كېيىن ئەتراپ كۆكىرىپ، چىمەنزارلىقلا ئايلىنىپتۇ. مال ـ ۋارانلار سەكرىشىپ ئويناپ، يايلاقتا باشلاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى بالىچاقىسىنى چۆل ـ باياۋانغا تاشلاپ، ئاران ئۆز جېنىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈپ، غەزەپلىنىپ قوغلىماقچى بولغانىكەن، لېكىن داۋادۇرچى دادىسىدىن كەچۈرلۈك قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە ئاكىلىرىغا قاراپ:

ــ مېنىڭ ئۆيۈمگە سىلەرنى سىغدۇرالايمەن، بېرىپ بالىچاقاڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دەپتۇ. بوۋاي ئىككى چوڭ ئوغلىنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

ــ قېنى، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇڭلار، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار!ــ دەپتۇ، ــ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ. مەن سىلەرنى تويماس، ھېلىگەر، تەييارتاپ ئادەم قىلىپ ئۆستۈرمىگەنىدىم. سىلەر ئۇنى نەدىن ئۆگەندىڭلار؟ ئالدىڭغا قارا، كەينىڭگە قارا، ئاۋۋال كۈچلۈكنى كۆر، باشقىلار ئۈچۈن غەمخورلۇق قىل. يۇرت ئادەملىرى ياخشى بولسا، سىلەرمۇ ياخشى بولىسىلەر. باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭلار، سىلەرمۇ ئاقىۋەتتە يامان كۈنلەرگە قالىسىلەر، ــ دەپ يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ.

## كەنجى

قەدىمي زامانلارنىڭ زامانىسىدا قەشقەر مەملىكىتىدە ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۈچى شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدە پاكار، زەي بىر گەمىدە ياشاشقا باشلاپتۇ. ئەڭ چوڭى يىگىرمە ئىككى ياشتا، كەنجىسى ئون سەككىز ياشتا ئىكەن. كەنجىسى تاز ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككى ئاكىسى قىمارۋاز بولۇپ كېتىپتۇ. كەنجىسى تاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئاكىسى ئۇنى كۈندە تىللاپ، دۆشكەلەپ، ئۇرۇپ، كەچ كىرگىچە ئۆي ئىشىغا سالىدىكەن.

ئەمدى سۆزنى شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ ئوردىسىنىڭ يېنىغا چىرايلىق قىلىپ، قىرىق بىر پەلەمپەي سالدۇرۇپتۇ. قىرىق بىرىنچى پەلەمپەيدە پادىشاھنىڭ ئون سەككىز ياشلىق قىزى ئولتۇرۇپتۇ. قىز ئوردا ئالدىنى يورۇتۇپ تۇرغاندەك، كۆزلىرى قاپقارا، ئىككى قەلەم قېشى قولىقىغا يەتكەن، قاپقارا چاچلىرى بۇرام ـ بۇرام بولۇپ كەينىگە تاشلانغان، نازۇك بەل، لەۋلىرى نېپىز، يۈزى ئانار-



دەك، چىشلىرى سەدەپتەك
ئىكەن.
— ئەگەر كىمكى ئات-
نى ئۈچ قېتىم سەكرىتىپ،
قىرىق بىرىنچى پەلەمپەيگە
چىقىپ قىزىمنى يېتىلەپ
چۈشسە، مەن شۇنىڭغا قى-
زىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ
پادىشاھ.
ئوردىنىڭ ئالدىغا شۇنچىلىك كۆپ خەلق
يىغىلىپتۇكى، ھەتتا خەلق ئوردىنىڭ ئالدىغا پات-
ماي قاپتۇ. ئوردىغا كۈندە يىراق شەھەرلەر-
دىن، ھەتتا چەت مەملىكەتلەردىن شاھزادىلەر
ئۈزۈكسىز كېلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇلار پەللىگە
يېتەلمەيدىكەن.

ئەمدى سۆزنى ئۈچ ئاكا - ئۇكىدىن ئاڭلىساق، ئۇلار مۇنداق كۈندە ئىدى:
ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىككى ئاكىسى كوچىغا چىقىپ كېتىپ، چۈشلۈكى، كۆپىنچە
ئاخشىمى ئۆيگە كېلەتتىكەن.

بىر كۈنى ئىككى ئاكىسى ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ چىقىپ كەتكەندە، كەنجىسى ئاتا -
ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ، زاراتگاھقا مېڭىپتۇ. بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ
تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، زاراتگاھلىقتىن بېشىدا يوغان ئاق سەللىسى بار، ئاپ-
پاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ. بوۋاي بالىنى توختىتىپ:

— بالام، بۇ زارەتگاھتا ئەتىگەندە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دەپتۇ.

— ئاتا - ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەش يىل بولۇۋىدى، شۇلارنىڭ قەبرىسىدىن
كېلىۋاتىمەن، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا ئۈچ تال قىل بېرىمەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە
قىللارنىڭ بىرىنى كۆيدۈرسەڭ، ئاسماندىن ئات چۈشىدۇ، شۇ ئات ئارقىلىق مۇراد -
مەقسىتىڭگە يېتىسەن، — دەپتۇ بوۋاي ھەم قويىندىن بىرى ئاق، بىرى قارا، بىرى قوڭۇر
قىللارنى چىقىرىپ بېرىپ، بالىنىڭ يېنىدىن ئازلا نېرى بېرىپ، يوقاپ كېتىپتۇ.

بالا ئۆيگە بېرىپ ئۆي ئىشلىرىنى تۈگەتكىچە كەچ كىرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىك-
كى ئاكىسى كېلىپ، تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، يېنىچە يېتىپ، ئەپيۇن چېكىپ، پادىشاھنىڭ

قىزنىڭ سۆزىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.
چوڭ ئاكىسى:
— ئاشۇ قىز قانداق ئادەمزاتنىڭ، قايسى بەختلىك يىگىتنىڭ قولىغا چۈشەركىن؟— دېسە، ئوتتۇرانچىسى:
— ۋاي، ئۇنداق قىزلار بىرەر پادىشاھنىڭ بالىسىنىڭ قولىغا چۈشىدۇكى، بىزدەكلەر بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ قولىغا چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ.
چوڭى:
— ئاشۇ قىزنى قايسىلا بولمىسۇن بىر پادىشاھنىڭ ئوغلى ئالغاندا، پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىدىكەن، شۇ ۋاقىتتا راسا پولۇ يەيمىز-دە، — دەپتۇ.
ئوتتۇرانچىسى:
— توي پۈتكىچە بىز مۇنۇ تازنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، تالاغا چىقارمايلى، — دەپتۇ. چوڭى:
— تويىنىڭ ئاشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، تازنىڭ كۆزىچە كۆز - كۆز قىلىپ تازغا بەرمەي يەيمىز-دە، — دەپ ئۇلار يىرىم كېچىگىچە خام خىياللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ ياتقان يەرلىرىدە ئۇخلاپ قاپتۇ.
ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئىككى ئاكىسى سوزۇلۇپ - كېرىلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ:
— ھەي، تاز! بۈگۈن ياخشىراق تاماق ئەت، بولمىسا بىزدىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، — دەپ دۆشكەلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.
كەنجى ئۆيىنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ، شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ قارا تۈكىنى كۆيدۈرسە، ئاسماندىن قارا تۇلپار كىشنەپ چۈشۈپتۇ. ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇملىرى ئۈستىدە ئاتنىڭ رەڭگىدە كىيىم - كېچەكلەر بار ئىكەن. بالا كىيىملەرنى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ، ئۆزىدىن ئۆزىگە خۇشال بولۇپ، كىچىككىنە بىر كۆلچەك بويىغا بېرىپ شولىسىغا قاراپ:
— مەن قايسى پادىشاھنىڭ بالىسىدىن كەم؟ ئارتۇق بولسام ئارتۇقكىن، كەم ئەمەس، — دەپ خۇشاللىقىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئوردا تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئوردىنىڭ ئالدىغا بارسا، ئادەملەر شۇنچىلىك نۇرغۇن ئىكەنكى، ھەتتا كەنجى ئوردا ئالدىغا بېرىشقىمۇ ھودۇقۇپ قاپتۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاستا خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ:
— پوش.. پوش.. پوش!— دەپ ماڭغاندا خەلق ئىككىگە ئايرىلىپ يول بېرىپتۇ. بالا قىزنىڭ جامالىغا مەپتۇن بولۇپ قاراپ تۇرغاندا، كېلىشكەن بىر ياش شاھزادە ئېتىنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ بېرىپ سەكرىتىپتۇ، ئەمما ئاران بەشىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ، ئاتنى يەنە بىرنى ئۇرغانىكەن، ئىككى پەلەمپەي كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئۈستى - ئۈستىگە

قامچا تېگىۋەرگەنلىكتىن، يەنە بىر پەلەمپەي كۆتۈرۈلۈپ، قىرچاقلاپ قاپتۇ. كەنجى ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىسا، ئىككى ئاكىسىنىڭ چەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. يەنە ئۈچ - تۆت يىگىت ئاتلىرىنى سەكرەتكەندە، ھېچقايسىسى ئونىنچى پەلەمپەيدىن ئاشماپتۇ. نۆۋەت كەنجىگە كېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ سەكرەتكەنىكەن، ئات ئون ئالتىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ. خەلق:

— ئۇر، ئاتنى ئۇر! تىزگىنىنى تارت! ھە، يەنە!— دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. بالا بولسا ئاستا تۆۋەنلەپ، ئېتىنى يورغىلىتىپ، كەلگەن يېقى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. خەلق بالىنىڭ قارىسى يىتكىچە كەينىدىن قاراپ قاپتۇ. بالا قىلنى كۆيدۈرگەن يېرىگە بېرىپ كىيىملىرىنى يېشىپ، ئېگەر ئۈستىگە قويۇپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ئات ئۇچۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ غايىب بوپتۇ. بۇرۇنقى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆيگە كېلىپ، كۈندىكىدەك ئۆي ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

كەچ كىرگەندە ئىككى ئاكىسى كېلىپ:

— ھەي، تاز، ئەكبلە تاماقنى! بۈگۈن قانداق تاماق ئەتتىڭ؟ بولە!— دەپ دۆشكەلەپ تاماقنى يەپ بوپتۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرانچىسى:

— ھېلىقى قارا ئات، قارا كىيىم كىيىپ كەلگەن قايسى پادىشاھنىڭ بالىسىكىن؟ ئۆزدمۇ شۇنداق چىرايلىق، ئېتىمۇ راسا كېلىشكەن ئىكەن-ھە! ئاتنى يەنە قاتتىقراق بىر - ئىككىنى ئۇرۇۋەتكەن بولسا، دەل قىزنىڭ ئالدىغىلا چۈشەتتى-دە، — دەپتۇ.

كەنجى:

— ئاشۇ مەن بولسام، — دېسە، چوڭ ئاكىسى:

— سەن تاز ئۇنداق بولما، ئۇنچىلىك ئاتقا مىنمە بولدى، ساڭا ئۇنداق ئاتلارنىڭ تېزىكىمۇ تەگمەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنداق ئاتلارنىڭ تېزىكىنى تېرىپ كەلسەڭ، مەن كۈلۈپ كېتەتتىم، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئىككى ئاكىسى چېقىپ كەتكەندە، كەنجى قىل كۆيدۈرگەن يېرىگە بېرىپ، قوڭۇر قىلنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاسماندىن توروق تۇلپار چۈشۈپتۇ. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمنى كىيىپ، ئېتىنى يورغىلىتىپ ئوردا ئالدىغا بارسا، خەلق يەنە نۇرغۇن ئىكەن. ئۇ:

— پوش.. پوش.. پوش!— دەپ ماڭغانىكەن، خەلق ئىككىگە ئايرىلىپ:

— ھوي، بۇ تۈنۈگۈنكى بالىغۇ؟!— دەپ ھەممىسى بالىغا قاراپتۇ. كەنجى كەلگەندە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان شاھزادىلەر ئەيمىنىپ، ھەممىسى بىر چەتكە چېقىپ تۇرۇپتۇ. كەنجى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، پەلەمپەيگە ئاز قالغاندا تىزگىنىنى سىلكىگەنىكەن، ئات يىگىرمە بەشىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ، يەنە بىر سىلكىگەنىكەن، ئوتتۇز بەشىنچىسىگە چۈشۈپتۇ، ئاندىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۆۋەن تارتىپتۇ. خەلق يەنە چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن بالا:

ــ ئويۇن ئەتىگىمۇ قالسۇن!ــ دەپ يەنە كەلگەن يېقى بىلەن كېتىپتۇ.

ئىككى ئاكىسى ئۆيىگە كېلىپ، يەنە شۇ پاراڭغا چۈشۈپ تازنى دۈشكەللەپ ئۇخلىشىپ
قاپتۇ. تاز بولسا:

ــ بوپتۇ، دۆشكەلەۋېرىڭلار، كېيىن يەنە كۆرەرمىز، ــ دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاكىلىرى كەتكەندە، كەنجى ئۆيى بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرنىڭ
سىرتىغا چىقىپ، ئاق تۈكنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاسماندىن ئاق تۇلپار كىشنەپ چۈشۈپتۇ.
ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئاق كىيىملەرنى كىيىپ، يورغىلىتىپ ئوردا ئالدىغا بارغانىكەن، خەلق
بالنى تونۇپ يول بېرىپتۇ. كەنجى پادىشاھ قىزىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ خەلققە ئازراق سەپـ
سېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئاتنى چاپتۇرۇپ، پەلەمپەي ئاز قالغاندا تىزگىننى شۇنداق تارتقا-
نىكەن، ئات ئوتتۇزىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ، يەنە بىر تارتقانىكەن، قىزنىڭ ئالدىغىلا
چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق شۇنچىلىك خۇشال بولۇپتۇكى، خۇشاللىقىدىن چۇرقىراش-
قاندا، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خەلق-
لەر «بۇ نېمە ئالامەتتۇر» دەپ
قورقۇشۇپ، ھەممىسى شەھەرنىڭ
ئىچىدىكى دەل - دەرەخلەرگە مۆ-
كۈشۈپتۇ.



كەنجى مەلىكىنىڭ يۇمشاق بى-
لىكىدىن تۇتۇپ، يېتىلەپ تۆۋەنگە
چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ
ئىككىسىنى ئوردىغا باشلاپ ئەكى-
رىپ، توينى دەررۇ باشلاۋېتىپتۇ.

ئەمدى سۆزنى بالىنىڭ ئاكىلى-
رىدىن ئاڭلايلى:

ئۇلار كەچ كىرگەندە تويدىكى
ئاشقان - تاشقانلارنى بۆلۈشۈپ -
تالىشىپ بىر - بىرلىرى بىلەن سو-
قۇشۇپ، ئەيتاۋۇر ئاران يېرىم
قورساق ھالەتتە ئۆيىگە كۈندىكىدىن
كەچ بارسا، ئۆيدە تاز يوق تۇرغى-
دەك. ئۇ ئىككىسى «تازمۇ تويدى-
كەن» دەپ تېرىكىشىپ، ئۇخلاپ

قاپتۇ. ئەتىگەنلىكى تۇرسا، چاي تەييار ئەمەس، تاز يوق. يەنە تېرىكىپ ـ بوغۇلۇپ: «تاماقا ۋاق قالدۇق» دەپ يۇگۇرۇشۇپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنداق ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچ كۈندە ئۇلار تونۇۋالغۇسىز ئۆزگىرىپتۇ. كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن، بايلاردىن ئاشقان سۆڭەكلەرنى غاجىلاش ئۈچۈن تالىشىپ سوقۇشقاندا باشلىرى، يۈزلىرى يېرىلغانىكەن. ئۈچ كۈن پولۇ يەيمىز دەپ باش ـ كۆزىگە ئۇستىخانلار بىلەن تاياق يەپ ئاچ قاپتۇ.

كەنجى تويغا ئۈچ كۈن بولغاندا يېنىغا ئىككى ئاكىسنى ئېلىپ كېلىشنى سوراپتۇ. چېرىكلەر ئىككىسنى ئوردىغا ئېلىپ كىرگەندە ئۇلار قورقۇشۇپ كېتىپتۇ، ئىنىسى ئۇلارنىڭ كۆزىگە پادىشاھتەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئىككىسى ئىنىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىمىز! بىزنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمىز يوق! مۇنداق ئۇلۇغ كۈنلەردە بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسلە، — دەپ يىغلىشىپ يالۋۇرۇشۇپتۇ.

كەنجى:

— كەچتىم! بۇلارنى قۇللارنىڭ ئارىسىغا قوشۇڭلار!— دېگەنىكەن، ئىككىسى خۇشاللىقىدىن كەنجىنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ، كېيىن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ، ئۇ پادىشاھ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىنىسى كەنجى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، داڭ قېتىپلا قاپتۇ. ئىككى ئاكىسى كەنجىنىڭ پادىشاھ ئوردىسىدا پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىشەنمەپتۇ. كەنجى ئىككى ئاكىسىنى ئوردىدا قۇللار قاتارىدا ئىشلىتىپتۇ.

پادىشاھ بولسا، قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىزمۇ يېقىندىلا شۇ تويدىن ئاش يەپ كەلدۇق، ئەمدى ئاش يەيدىغان نۆۋەت سىزنىڭ. تويغا مەرھەمەت!

# ۋەھىمە پالاكەت كەلتۈرەر

ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىدىن بىزار بولۇشۇپتۇ، كۆپ ئوقۇش، يېزىش، ئوقۇشخانىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بېجىرىش ئۇلارنى ناھايىتى چارچىتىپتۇ ۋە كوچىغا چىقىپ ئوينىغۇسى كېلىپ قېلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرەر چارە تېپىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ ۋە قانداق قىلىپ بولسۇن، مەلۇم ۋاقىت ئۇستازنى مەكتەپتىن يىراقلاشتۇرماقچى بولۇپتۇ. ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك، ئەمما ناھايىتى زېرەك بىر ئوقۇغۇچى شۇنداق دەپتۇ:

— ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ھېچ يېرى كېسەل ئەمەس. قېنى، ئەمدى بىرنەچچە ھەپتە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالسا، بىزمۇ دەم ئالساق. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

دوستلىرى ئۇنىڭغا:

— قانداق قىلىپ ساپساق ئادەم كېسەل بولۇشى مۇمكىن؟ — دېيىشىپتۇ. ھېلىقى بالا:



— بولىدۇ، مەن بىر ھىيلە ئويلىدىم. ئەتە دەرس باشلانغاندا سىنىپقا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن بالا ئۇستازىمىزغا: «ئۇستاز، تىنچلىقمۇ؟ يۈزىڭىز ناھايىتى سولغۇن، سارغىيىپ قاپتۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ-نېمە؟ ئاللا شىپا بەرسۇن» دەپ ئۇنىڭ كېسەل بولغىنىنى ئېيتىدۇ. ئۇستاز بۇ گەپلەردىن ۋەھىمىگە چۈشىدۇ، — دەپتۇ.

ساۋاقداشلار ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ ۋە ئەتىسى سەھەردىلا سىنىپقا تۇنجى بولۇپ كىرگەن ئوقۇغۇچى:

— تىنچلىقمۇ ئۇستاز، ئاللا شىپا بەرسۇن. يۈزىڭىز ساپسېرىق. مىجەزىڭىز يوقمۇ-نېمە؟ — دەپتۇ.

ئۇستاز:

— خۇداغا شۈكۈر، كېسەل ئەمەسمەن، بار، جايىڭدا ئولتۇر، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپقا كىرگەن ئىككى-ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسىلا ئۇستازىغا:

— ئاللا شىپاھ بەرسۇن، — دەپ يۈزىنىڭ سارغىيىپ كەتكىنىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇستازنى ۋەھىمە بېسىپتۇ. ئۆز-ئۆزىگە «خوتۇنۇمنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس، يۈزۈمنىڭ سولغۇنلۇقىنى، ۋۇجۇدۇمنىڭ تىترىگىنىنى قەيەردىن بىلسۇن؟ ئۇ مېنى ئەمەس، ئۆزىنىلا ئويلايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ ئارىدا ئوقۇغۇچىلار خۇددى دەرسنى تەكرارلىغان بولۇپ، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇستاز ۋەھىمە ئىچىدە شاۋقۇن-سۈرەندىن بېشى ئاغرىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ ۋە ئىشىكنى ئاچقان خوتۇنىغا:

— ئەي خوتۇن، كۆرمىدىڭمۇ، ھالىمغا بىر قارا، يۈزۈمنىڭ سولغۇنلۇقىنى ھەممە كۆردى، نېمىشقا سەن كۆرمىدىڭ، ئۆزگىلەر مېنىڭ ھالىمنى سورايدۇ، سەن مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئەجەبا قىزىتمامنىڭ ئۆرلەپ كەتكىنىنى بىلمىدىڭ. مەن كېسەلمەن، تېز ياتىقىمنى تەييارلا، — دەپتۇ.



خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ئەي غوجام، سىزدە كېسەللىك ئالامىتى يوق، خالىسىڭىز ئەينەك كەلتۈرەي، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ. سىزدە پەقەت ۋەھىمە بار، — دەپتۇ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېرى:

— ۋۇجۇدۇم دىر-دىر تىترەۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، ماڭا بېشىمنىڭ ئاغرىقى يېتىدۇ. تېز بول، ياتىقىمنى تەييارلا! — دەپتۇ.

خوتۇنى نائىلاج ئورۇن راسلاپتۇ. ئېرى «ئاھ-ئۇھ» بىلەن

ئۆزىنى تۆشەككە ئېتىپتۇ. بېشىنى تېڭىپ، ئۈستى-ئۈستىلەپ كۆرپە يېپىپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار خۇشال بولۇشۇپ، ئۆيلىرىگە تارقىلىشىپتۇ. ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ بۇنداق تېز قايتقانلىقىدىن ھەيران بوپتۇ. بالىلار:

— ئۇستازىمىز كېسەل بولۇپ قالدى، بىزگىمۇ تەتىل بولدى، — دېيىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇستازنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىرى، قولۇم-قوشنىلار كېلىشىپتۇ، ئۇستاز قات-قات يوتقان ئىچىدە تەرگە پېتىپ يېتىۋاتقانىكەن.

— ساقىيىپ كېتىڭ ئۇستاز، قانداق قىلىپ كېسەل بولۇپ قالدىڭىز؟ خەۋەر تاپالماپتۇق، — دېگەنلەرگە:

— ئۆزۈممۇ بىخەۋەر ئىدىم، ئوقۇغۇچىلىرىم ئېيتىشتى. شۇنداق ئېغىر كېسەللىكنى سەزمەي قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

ھەئە، ئۇستاز ئۆزىنىڭ كېسەللىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەنىكەن.

## ئىككى ھۇرۇننىڭ ئۆلۈمى

ئىلگىرىكى زاماندا ھاسان دەۋلەك ۋە ساۋۇت قاپاق دېگەن ئىككى ھۇرۇن بولغانىكەن. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ھۇرۇن ئىكەن. ئۇلار ئاتىسىنىڭ تاپقىنىنى يەپ، ئۆزلىرى زادى ئىشلىمەيدىكەن. ئەتىدىن كەچكىچە دۈمبىسىنى تامغا يۆلەپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كۆزىگىمۇ يامان كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار قورسىقىغا بىر پارچە نانمۇ تېپىپ يېيەلمەي، بىرنەچچە كۈن ئاچ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئىشلىمىسىمۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك تەييار بىر يەرلەرگە كەتسەك ياخشى بولاتتى-دە، قەيەردە شۇنداق ياخشى يەرلەر باردۇ؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— كىم بىلىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇنداق يەرلەر بارمۇ - يوقمۇ، لېكىن ئاسماندا بولسا كېرەك. چۈنكى ئاسماندا پەرىشتىلەر ۋە باشقا خاسىيەتلىك مەخلۇقلار ياشايدۇ، دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.



— ئۇنداق بولسا بىزمۇ شۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەيلى، بۇ مېھنەتى كۆپ يەرلەردە خار بولۇپ نېمە قىلىمىز؟— دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— مەيلى، چىقساق چىقىپ كېتەيلى، ئەمما قانداق چىقىمىز؟ ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇزۇن شوتا تاپقىلى بولامدىكىن؟— دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇنداق ئۇزۇن شوتىغۇ تېپىلماس، لېكىن شوتىسىز چىقىشنىڭ يولى بار، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— قانداق؟— دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— تاغدىكى ھاڭدا بىر سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بار. مەن ئۇنى بىر كۈنى ئاتامغا ئەگىشىپ تاغقا بارغاندا كۆرگەنمەن. بىر ئامال قىلىپ ئەنە شۇ قۇشنى تۇتۇۋالساق، ئاسمانغا شۇ ئېلىپ چىقىپ قويىدۇ، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— بۇ ياخشى پىكىر ئىكەن. مەيلى، بولمىسا ئەتىلىككە شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ئىككى ھۇرۇن ئاخىر شۇ مەسلىھەتكە كەپتۇ-دە، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغقا يېتىپ كېلىپ، ھاڭدىكى سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋاپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن ۋاقىتتا، سۇمۇرغ قۇش غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا قونۇشى بىلەن تەڭلا ھاسان دەۋلەك قۇشنىڭ

بىر پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، دوستىغا:

— مېنىڭ پۇتۇمنى تۇت!— دەپ ۋارقىراپتۇ، ساۋۇت قاپاق شۇ زامان دوستىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. قۇش قورقىنىدىن يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساۋۇت قاپاق ھاسان دەۋلەكنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇش بۇلارنى يەتتە قات بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئەگىپ يۈرۈپتۇ.

— ئاسمانغا يېتەي دېدۇقمۇ؟ قوللىرىم تېلىپ كەتتىغۇ؟— دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ھەئە، ئاز قالساق كېرەك، تۆشۈكى كۆرۈنۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاسان دەۋلەك ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

— ئاسماننىڭ تۆشۈكى قانچىلىك بار ئىكەن؟ بىز پاتمىزمىكەن؟— دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ھاسان دەۋلەك ئۈستىدىكى تۆشۈك دەپ ئويلىغان نەرسىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— مانا مۇنچىلىك بار ئىكەن، — دەپ قۇشنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ھەر ئىككىلىسى تەڭلا يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشۈپ، مىجىقلىرى چىقىپ ئۆلۈپتۇ.

## يېتىم تازنىڭ تويى

بۇرۇن بۇرۇنكەن، زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، بەگ ـ غوجام تۆردە ئەكەن، يېتىم ـ يېسىر پەگاھتا ئىكەن، قازى يۇرت بېشى، ئىمام سۇلتەكچى ئىكەن. شۇنداق زامانلاردا، ھازىر نامى ئۆچكەن ماكاندا بىر ئاۋات شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قازىسى تولىمۇ مەككار، قۇۋ، ھارامزادە ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بەگ، سپاھ، غوجاملارغا يانتاياق بولۇپ، قىزىل كۆز بەگزادە، ئالدامچى ئەمەلدارلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەن يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز پۇقرالارنى قارىلاپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، بەگزادە، ئەمەلدارلاردىن ئىنئام ئېلىپ يىغقان ھارام مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. قازى مال ـ مۈلۈكنىڭ ھېسابىنى بىلمىسىمۇ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ھېرىسمەن بولغاچقا، دائىم بايلىق ئۈچۈن كۆزى قىزىرىدىكەن.

قازىنىڭ بويىغا يەتكەن، ھۆسن ـ جامالى ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن

ئەمەس، ئەۋرىشىم بەللىرىنى تالى مەجنۇننىڭ چۇۋىقى دىسە چۇۋىق ئەمەس، نازاكەتلىك، بوستان چاچلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق، قولى گۈل بىر قىزى بار ئىكەن. قىز-نىڭ ياخشى نامى شەھەرگە پۇر كەتكەنىكەن. قىزنىڭ ياخشى نامىنى ئاڭلىغان نى ـ نى بەگلەر، بەگزادىلەر، سودىگەرلەر، بايۋەچچىلەر قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، قازىغا ئەل-چىلەر كىرگۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ قىزىنى دەسمايە قىلىپ نۇرغۇن بايلىق يىغىۋېلىش مەقستى بولغاچقا، بەگزادە، بەگلەردىن ئەلچى كەلسە، قىزنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن كۆپلەپ مال ـ مۈ-لۈك تەلەپ قىلغاندىن سىرت، يەنە شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېلىپ بېرىشتەك بىمەنە شەرتلەرنى قويىدىكەن. سودىگەر، بايۋەچچىلەردىن ئەلچى كەلسە، قىزنىڭ تويلۇقىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرگەندىن سىرت، يەنە: «مەن قىزىمنىڭ تويىدا ئاسمانغا زەدىۋال تارتىش-نى پىلانلىغان، ئەگەر قىزىمنى ئالماقچى بولساڭلار، ئاسمانغا زەدىۋال قىلىپ تارتقۇچىلىك شايى ـ ئەتلەس ئېلىپ كېلىڭلار...» دېگەندەك تېخىمۇ بىمەنە شەرتلەرنى قويىدى-كەن. ئادەتتىكى كىشىلەر ئەلچى كىرگۈزسە، كۆزگە ئىلماي، سۆيۈرگىنى كۆ-تۈرۈپ ئىشىك ئالدىدىنلا قوغلايدىكەن، بۇنىڭ بىلەن كەلگەن ئەلچى-لەر قازىنىڭ ئوڭ ياكى تەتۈر، ساق ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىنى پەھ-لىيەلمەي، «بەرمەس قىزىنىڭ تويلۇقى ئېغىر دېگەن شۇ ئوخ-شايدۇ» دېيىشىپ، قازىنىڭ تويلۇق ئۈچۈن تەلەپ قىلغان ئاجايىپ ـ غارايىب بىمەنە شەرتلىرىنى ئورۇنلاشقا قۇدرىتى يەتمەي، قىزغا بولغان مېھرىدىن رايى يېنىپ، باسقان قە-دەملىرىگىچە زارلىنىپ قايتىپ كېتىدىكەن. ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن مال ـ مۈلۈك قازىغا نەخ قالىدىكەن.



كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ، كۈنلەردىن ھەپتە، ھەپتىدىن ئاي توشۇپ، قازى قىزىنىڭ تويى ئۈچۈن قويغان شەرتلەر سۆز ـ چۆچەككە ئايلىنىپ پۈتۈن شەھەرگە، شەھەردىن ھالقىپ يىراق سەھرالارغىچە يېتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ـ چۆچەك يىراق سەھرادىكى ھەرقانداق بىر زىيا-پەتتە، بەزمىدە قىلىشىدىغان سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراق بىر سەھرادىكى ئىمامنىڭ ئوغلى تەڭ-تۇشلىرىنى يىغىپ مەشرەپ قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئاغىنىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئاڭلىمىغان بولساڭلار ئاڭلاپ قويۇڭلار. شەھەر قازىسى
قىزىنىڭ تويلۇقىنى ئېغىرلىتىپ ئەرگە بەرمەي، قېرى قىز قىلىپ ساقلاپ يېتىپتۇ. بىرە-
رىڭلار ئۇتتۇرىغا چىقىپ قازىغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ، قازىنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ مېغىزىنى
چاقماسىلەر، — دەپتۇ. يەنە بىرى:
— ھەي ئاداش، سەن باشقىلارنىڭ ساغرىسىغا چۈشۈق سانجىپ كۈش - كۈش قىلغۇ-
چە ئۆزۈڭلا بارساڭ بولمامدۇ، — دەپ گەپ باشلىغۇچىغا دوق قىپتۇ.
— مەن سېنى زورلىمىغاندىكىن كاپشىماي شۈك ئولتۇرمامسەن. كىم بىلىدۇ، ئارىمىز-
دىن بىرى چىقىپ كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ قالسا، مەنمۇ سېنىڭ دوستۇڭ ئىدىم، پادا باققاندا
دوست بولۇپ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلمايلى، دەپ بېرىۋالامسەن تېخى، — دەپ دوق قىلى-
غۇچىغا ھومىيىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن قىزىرىشىپ توختىغاندىن كېيىن،
يەنە بىرى:
— راست، قازىنىڭ بايلىقىنى شۇنچە نۇرغۇن دەپ ئاڭلىدىم، ئەگەر ئارىمىز-
دىن بىرەرىمىز قازىغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ قالساق، كۆندە مۇشۇنداق بەزمە قۇ-
راتتۇق ئەمەسمۇ، شۇ بەخت بىزگە نېسىپ بولارمۇ؟ — دەپ، پەسكويغا چۈشۈپ
قالغان گەپنى قايتا ئۇلغايتىپتۇ. ياشلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە، سۆزلىرىگە ئا-
رىلاشماي پەگاھتا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان، ئىس-
مايىلنىڭ قويىنى باقىدىغان يېتىم تاز ياشلارنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قېلىپ:
— قازىنىڭ قىزى ئۆزۈۋالغىلى بولمايدىغان ئاسماندىكى ئايمىكەن
ئۇ، — دەپ ساپتۇ.
— ھەي يېتىمچى تاز، سەن پېتىڭدىن ئادا بولالماي، نېنىڭ پۈتۈن
بولماي تۇرۇپ: «مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق» دېگەندەك قازىغا
كۈيۈ ئوغۇل بولغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ سەن خام خىيال قىلماي، ئاۋۋال بېشىڭ-
دىكى قوماچتىن قۇتۇل، قازى سېنى مەسىگە چەم قىلامتى، — دەپ
دەشنەم بېرىپ، مەسخىرە قىلىپ كېتىپتۇ. يېتىمچى تاز:
— ئاغىنىلەر، سىلەرگە ئوخشاش بىكار تەلەتلەرلا بىرەر گەپ
ئاڭلاپ، ھەيران قىلىپ، ئاغزىڭلارنى ئاچقانچە تۇرۇپ قالسىلەر،
بىزگە ئوخشاش يېتىمچىلەر جاھاننىڭ ھەممە ئاچچىق - چۈچۈكىنى،
خورلۇقىنى كۆرگەچكە، سىلەر ھەيران قالغۇدەك ئىشلارنى
قىلالايمىز، — دەپ بېشىنى تاتىلاپ قويۇپتۇ.
بۇنىڭ بىلەن مەشرەپ بەس -
مۇنازىرە مەيدانىغا ئايلى-



نىپ كېتىپتۇ. ئاخىر تاز ئۇلارنى ئۆز سۆزىگە ئىشەندۈرۈپ قايىل قىپتۇ. سورۇندىكىلەر تازغا قايىل بولغاندىن كېيىن، تاز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن گەپ بار. مەن سىلەرنى گەپ بىلەن قايىل قىلدىم. قازىنى قايىل قىلىشتا سىلەر يار - يۆلەك بولمىساڭلار بولمايدۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۇستىبېشىم مۇشۇنداق جۇل - جۇل تۇرسا، مېنى مۇشۇ ھالدا قازىنىڭ ئالدىغا يولغا سېلىشقا سىلەرنىڭمۇ كۆڭلۈڭلار ئۇنىماس، بىز ھەممىمىز بىرلىشىپ قازىنى رەسۋا قىلىپ، داڭ چىقىرىشىمىز ئۈچۈن قايسىڭلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ شەھەرگە كىرىسىلەر؟— دەپتۇ. شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا ئىمامنىڭ ئوغلى يېتىمچى تازنىڭ ئۇستىبېشىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى يەڭگۈشلەپ، يېتەرلىك ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولاركىن، دەپ قىزىققان بىرقانچە بەگزادىلەر، بايۋەچچىلەر، يېزا ياشلىرى ھە - ھۇ دېيىشىپ ئۆز ياردەملىرىنى ئايىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەتىسى شەھەرگە كىرىدىغان بولۇپ كېلىشىپ سورۇندىن تارقىشىپتۇ.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن يېنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمامنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىپ، يېتىم تازنىڭ بېشىدىكى قوماچلىرىنى ئادالاپ، ساقال بۇرۇتىنى ئېلىپ، ئۇستىبېشىغا ئىمامنىڭ ئوغلى ھېيتقا ساقلاپ كېلىۋاتقان يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. يېتىم تاز يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەمراھلىرى تازغا مەستلىكى كېلىپ، ئۇنى بىر ئېغىزدىن ماختىشىپ سەپەرگە چىقىشىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ يول يۈرسىمۇ پاراڭ بىلەن ئىككى قەدەمنى ئالدىغا ئالسا، ئۈچ قەدەمنى كەينىگە ئېلىپ يۈرۈپ، ناشتا ۋاقتى ئۆتۈپ، چاشگاھ ۋاقتى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ قازىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قازىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار قازىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قازى ئاكا، سالامغا كەلدۇق، — دەپ پەتىگە قول كۆتۈرۈپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ چاققانلىقىدىن بوسۇغا تۆۋىدىن ھەيدىۋېتەلمەي پەتىگە قول كۆتۈرۈپتۇ، ئۇلار سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئارىدىن بىرى تۇرۇپ:

— قازى ئاخۇنۇم، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان ئىش، بىز قىزلىرىغا ئەلچى بولۇپ كەلدۇق، — دەپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. قازى ئالدىدىكى بۇ سولتەكلەرنى مەنسىتمەي قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ھە، نېمىگە ئەلچىلىككە كەلدىڭلار، كىمگە ۋاكالىتەن؟— دەپتۇ. يەنە ئارىدىن بىرى قويۇپ:

— بىز يىراق يېزىدىكى ئىمامنىڭ قويچىسى، ئاغىنىمىز يېتىمچى تازغا قىزلىرىنى سو-

راپ كەلدۇق، — دەپ تازنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازى:

— بۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلاپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، سەللىسىنى تېشىپ چىقىپتۇ. شۇنداقتىمۇ مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇپ، چەكچىيىپ كەتكەن كۆزىگە، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— قۇتلۇق ئىشقا قەدەم بېسىپسىلەر، باسقان ئىزىڭلاردىن گۈل ئۈنسۇن، — دەپ ياسالمىلىق بىلەن ھىجىيىپتۇ. لېكىن: «بۇ سەھرالىق تومپايلار ئۆزلىرىنى چاغلاشماي، ئالدىمغا چوڭچىلىق قىلىپ كېلىپ، مېنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. مەن نى - نى بەگزادە، بەگلەر ۋە بايۋەچچىلەرنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، ئاغزىنى ئاچالماس قىلىۋەتكەن يەردە، بۇ نېمىلەر نېمىتى. بۇلارغا مال - دۇنيانى شەرت قىلماي، پەقەت ئىلگىرى كەلگەن ئەلچىلەر ئادا قىلالمىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارساملا ئۆزلۈكىدىن كەشىنى قولتۇقىغا قىسىپ، يولىنى تېپىۋالىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ:

— مەن قىزىمنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن سىلەردىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلماي، قىزىمنىڭ توي كۈنىدىكى داستىخانىنى مول قىلىش ئۈچۈن، پەقەت مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يەتتىڭلارنىڭ ھەربىرىڭلار بىر قوتاندىن مال ھۆددىگە ئالساڭلارلا بولىدى. بۇنىڭغا كۆنەرسىلەر؟ — دەپ مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك خۇنۈك كۆزلىرىنى قىسىپ، ئالدىدا ئولتۇرغانلارغا قاراپتۇ. قازىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ ھەممىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن قازى:

— چىدىغۇدەكسىلەرمۇ؟ «يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن» دەپتىكەن. ئەگەر گېپىڭلاردىن يېنىۋالساڭلار، ئۈستۈڭلاردىن ئەرز قىلىپ، زىندانغا قامىتىۋېتىمەن، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ. يېتىم تاز قازىنىڭ سۆزىگە پەرۋامۇ قىلماي، دوستلىرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ: «بولىدۇ دەڭلار» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىپتۇ. بۇ چاغدا ئىمامنىڭ ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەن گەپ بار، بىز گېپىمىزدىن يېنىۋالماقچى ئەمەس. قايسىمىز قايسى مالنى ھۆددىگە ئېلىشنى مەسلىھەتلىشىۋالدۇق. مانا مەن بىر قوتان قوينى ھۆددىگە ئالىدىغان بولدۇم. قويلارنى بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ئېلىپ كېلىمەن؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى:

— مانا مەن بىر قوتان كالىنى ھۆددىگە ئالىدىغان بولدۇم، مەنمۇ كالىلارنى بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ئېلىپ كېلەي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرى ئۆچكە، بىرى ئات، بىرى تۆگە، بىرى قېچىر، بىرى ئېشەك ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ. قازى ئۆزىنىڭ قويغان شەرتىدىن باش تارتمىغان بۇ سەھرالىقلارنى

كۆرۈپ ئىچىدە: «بۇ تومپايلار راستىنلا ئەخمەت ئىكەن. مەن قوتاننى چوڭ سېلىۋالسام، ئۇلار شۇنى توشقۇزۇپ بېرەلەرمۇ، بۇ كالۋالار ئۇنى ئويلىمىغان يەردە، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپ كېيىن بىر قوتان قوي، بىر يىلدىن كېيىن ئىككى قوتان، بىر قوتان كالا ئىككى بولىدۇ... دېسەم نېمە دېيەلەيتتى» دېگەن شېرىن خىيالنى قىپتۇ-دە:

— يىگىتلەر، كۆردۈڭلار، شەھەر دېگەندە ئۇنچىۋالا كۆپ مالنى سىغدۇرۇپ كەتكۈدەك جاي يوق، ئەڭ ياخشىسى، ماڭا ھۆددە قىلغان ماللارنى مېنىڭ ھەققىمدە شۇ ئۆز ئورنىدىلا بېقىپ تۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى كېيىن ھېسابلىشارمىز، — دەپ سەل پەسكويغا چۈشۈپتۇ، سەھرالىق يىگىتلەر قازىنىڭ نېمە خىياللاردا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزسىمۇ، ئۆزلىرىدىن تىلخەت تەلەپ قىلمىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، نېمە دېيىشنى بىلەن كارى بولماي:

— بولىدۇ، ھەممە ئىش سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، بىز ماللىرىنىمۇ شۇنداق قىلايلى، — دەپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ يەنە بىرى سۆز ئېچىپتۇ:

— قازى ئاكا، تويلۇقنى كېلىشىپ بولدۇق. ئەمدى توي كۈنىنى توختىتىۋېلىپ، توي تەييارلىقىنى قىلىشساق بولارمىكىن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قازى چۆچۈپ:

— تويلۇق ئېلىش ئادەتتىكى ئىش، بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. مەن سىلەردىن تېخى تويلۇق ھېسابىدا ھېچ نەرسە ئالمىدىم. چۈنكى ئورۇنلايدىغان شەرتلەر بار تېخى، — دەپتۇ.

سەھرالىق يىگىتلەر قازىنىڭ شەرت توغرۇلۇق گەپ ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ: « بۇ تەلۋە قازىنىڭ ئەمدى جۇدۇنى تۇتقان ئوخشايدۇ. نېمە شەرتلەرنى قويار؟» دېگەن مەنىدە بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ:

— نېمە، گەپ باشلانمايلا غەم قىلغىلى تۇردۇڭلارمۇ؟ ئەگەر گېپىڭلاردىن يېنىۋالساڭلار، ئۇستۇڭلاردىن ئەرز قىلىمەن، — دەپ يەنە بىر نۆۋەت تەھدىت ساپتۇ. بۇ چاغدا يېتىم تاز ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەمراھلىرىغا جىم ئولتۇرۇڭلار، دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ:

— قېنى، قازى ئاكا، شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىلا، ئورۇنلاشقا تىرىشىپ كۆرەيلى. لېكىن ۋاقتى كەلگەندە سىلىمۇ ۋەدىلىرىدە تۇرسىلا ياخشى گەپ، — دەپتۇ.

قازى ئالدىدا تۇرغان يىگىتلەرگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ: «نى - نى يىگىتلەر ئورۇنلىيالماي ‹ۋاھ› دېگەن شەرتلەرنى، سىلەر سەھرالىق شور پاتاڭلار ئورۇنلىيالايتتىڭلارمۇ» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— سىلەر بىلىسىلەر، شەرق تەرەپتىكى بىزدىن يۈز كۈنلۈك يىراقتا بىر يېڭى شەھەر بار، شۇ شەھەرنىڭ قازىلىقىنى ماڭا ئېلىپ بېرىسىلەر، ئەگەر شەرتنى ئورۇنلىيالمىساڭلار، ئۆيۈمگە بېشىڭلارنى تىقماڭلار. لېكىن، تويلۇق ئۈچۈن بېرىلگەن ماللار يەنىلا مېنىڭ، بۇ-

نىڭ سەۋەبى، مەن سۆزۈمدىن يانمايمەن. بۇ سىلەرنىڭ شەرتنى ئادا قىلالمىغانلىقىڭلارنىڭ
بەدىلى، ــ دەپتۇ. يىگىتلەر ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، دەپ دىلغۇل بولۇشۇپ يېتىم تاز-
غا قارىشىپتۇ. قازىمۇ قېنى نېمە دەيسەن، دىگەن مەنىدە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چە-
قىرىپ، تىكىلىپ قاراپتۇ. تاز ھېچبىر ھودۇقماي:
ــ قازى ئاكا، سىلى دىگەن شەھەر بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىكەن. بېرىپ -
كېلىش ئۈچۈن بىر ھەپتە كەتكۈدەك. شۇڭا، بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بەرسىلە. كېيىنكى ھەپ-
تىنىڭ مۇشۇ كۈنى كۆرۈشەيلى، ــ دەپ ئاغىنىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.
ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قازى: «جاھاندا سىلەردەك ئەخمەقلەردىن يەنە بار-
مدۇ؟ ‹ئەخمەقنى تىرىمسىمۇ ئۈندۈ› دىگەن مۇشۇ-دە» دەپ قاپتۇ. ئەمدى گەپنى يې-
تىم تاز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدىن ئىشىتەيلى.
يېتىم تاز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قازى بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، تازنىڭ ئا-
غىنىلىرى ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلىپ:
-ئاغرىمىغان باشقا ملىڭ تاياق بولدى، تاز. ئۆزىمىز تاپقان بالاغا نەگە بارىمىز دەۋا-
غا...ــ دېيىشىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى سۆزلەپ دوستلىرىنى قايىل قى-
لىپ:
ــ ئۈمىدلىك بولۇڭلار، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، قازىنىڭ ئۆزىنىڭ
يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇيمىز، ــ دەپ دوستلىرىنى شەھەردىكى ئۇستا خەتتاتلارنىڭ
ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار خەتتاتقا بەش تەڭگە خەجلەپ، ئۆزلىرى كېلىشكەن بويىچە
مۇنداق تىلخەت پۈتكۈزۈپتۇ:
« ھۆرمەتلىك جانابى قازى ئالىيلىرى، سىلى مىنىڭ قازىلىقىمنى سوراپ ئادەم ئەۋە-
تىپلا، كىشلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقماق ياخشى پەزىلەت. شۇڭا، تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا
بەرھەق دەپ باش ئېگىپ، قولۇم كۆكسۈمدە، لېكىن مەن بىر شەرت قويدۇم، شۇ شەرتنى
قاچان ئورۇنلاپ بولسىلا، مەن قازىلىقىمنى شۇ كۈنى سىلىگە ئۆتكۈزىمەن. مەن قويغان
شەرتنى سىلى ئەۋەتكەن ئادەم سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا قويدۇ، شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلى
ئۇلار قويغان ھەرقانداق شەرتكە قوشۇلۇشلىرى شەرت.
ھۆرمەت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپ يىڭى شەھەر قازىسى سوپى باۋۇدۇنباي ھاجىم
قازى.»
ئۇلار خەتنى يازدۇرۇپ بولۇپ، شەھەرنى تاماشا قىلغاچ ئۇستا بىر ئويمىچىنى تېپىپ-
تۇ-دە، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ يىڭى شەھەر قازىسى نامىدا بىر مۆھۈر ئويۇپ بېرىشنى
ئۆتۈنۈپتۇ. ئويمىچىمۇ ئۇلارنىڭ چوڭ ئىشقا تەۋەككۈل قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئون بەش
تەڭگىنى كۆزلەپ، يېتىم تاز تىلخەتكە پۈتكەن قازىنىڭ نامىنى مۆھۈر قىلىپ ئويۇپ بېرىپ-

تۇ. ئۇلار ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ كەچ كىرگەندە يېزىغا قايتىپتۇ. ئەمەلىيەت-
تە، بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئەسلىدىكى قازىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ قازى بىلەن دېيىشكەن كۈنى يېتىم تاز
يەنە ئالتە ئاغىنىسىنى باشلاپ قازىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن قازى بىر ھەي-
ران بولۇپ، بىر ئەجەبلىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىككى شەھەرنىڭ قازىلىقى تاماسىدا ھەم خۇشال
بولۇپ:

— قانداق، شەرتنى ئورۇنلىيالىدىڭلارمۇ ياكى قىلغان ئىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ،
كەچۈرۈم سورىغىلى كەلدىڭلارمۇ؟— دەپ كۆرەڭلەپ سوراپتۇ.

تاز ئۆزلىرى يازدۇرغان تىلخەتنى يېنىدىن چىقىرىپ، قازىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئۇ شەھەردىكى قازى ئاخۇنۇم ھەممە گەپ مۇشۇنىڭ ئىچىدە دېگەن، نېمە گەپ
ئىكەنلىكىنى بىز كۆرمىگەچكە بىلمىدۇق، — دەپتۇ. قازى تىلخەتنى قولىغا ئېلىپ، بىر نۆ-
ۋەت ئوقۇپ چىقىپ:

«ئۇمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاش ئەخمەق قازىمۇ نېمە؟ ئاسانلا ئىككى شەھەرگە قازى بو-
لىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپلا:

— ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ ئەخمەق قازى قانداق شەرت قويدى؟— دەپتۇ.

— ئۇ قازى ئاۋۋال ۋەدە ئېلىڭلار، ئاندىن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، — دېگەن
دەپتۇ يېتىم تاز. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قازى:

— نېمدەپ ۋەدە بېرىدىكەنمەن؟— دەپتۇ. يېتىم تاز:

— ئەگەر يېڭى شەھەر قازىسى قويغان شەرتنى ئورۇنلىيالىسىلا، سىلى قويغان شەرت-
تىن ۋاز كېچىلا ھەم شەرتنى ئورۇنلىيالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن سىلى قىزلىرىنىڭ تويلۇقلىرىغا
ئالغاندەك، بىز ئۈچۈن بىر قوتان قوي بىلەن بىر قوتان كالا تۆلەيلا، — دەپتۇ يې-
تىم تاز. بۇنى ئاڭلىغان قازى «مەن ئورۇنلىيالمايدىغان قانداق شەرت بولسۇن، ۋەدە
بەرسەم بەردىم. بەربىر مەن ئۇتۇپ چىقىمەن. ئۇ چاغدا ئىككى شەھەرنىڭ قازىلىقىنى ئا-
لىمەن» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، چۆچۈرنى خام ساناپ:

— بولىدۇ، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولسۇن، — دەپتۇ. بۇ چاغدا يېتىم تاز يەنە:

— قازى ئاكا، سىلى يۇرتىنىڭ چوڭى، ئېلىم - بېرىمنىڭ خەت بىلەن بولىدىغانلىقلىرى-
نى بىلىدىلا، ئۆز ۋەدىلىرىنى ئىككى ئىلىك قىلىپ تىلخەت بەرسىلە، كېيىن بىزنىڭ گېپىمىز
ئاقماي قالمىسۇن، — دەپتۇ. قازى بۇنىڭغىمۇ كۆپ ئويلانماي رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ:

« مەنكى كونا شەھەر قازىسى، ئەگەر قويغان شەرتنى ئورۇنلىيالمىسام، يېتىم تاز ئۈ-
چۈن بىر قوتان قوي، بىر قوتان كالا تۆلەيمەن. كونا شەھە قازىسى: سۇلتانباي قا-
زى ھاجىم» دەپ مۆھۈرىنى بېسىپ تىلخەت بېرىپ، ئۇنى يېتىم تازغا تۇتقۇزۇپتۇ. تاز

تىلخەتنى ئېلىپ ئالدىرىماي قاتلاپ قوينىغا تىقىۋېلىپ:

— مانا مۇنداق شەرت ئىدى، — دەپ يېنىدىن بىر دانە غاز تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى بىر قاچىغا ئېقىتىپتۇ. ئېقى تامامەن ئېقىپ بولغاندىن كېيىن، چەككەن يەرنى سەل چوڭايتىپ تۇخۇمنىڭ سېرىقىنىمۇ تۆكۈپتۇ. قاچىنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— قازى ئاكا، يېڭى شەھەر قازىسى تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن ئېقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، مۇشۇ تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ تۇخۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ماڭا ئەۋەتسۇن دېگەن، — دەپ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

قازى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق شەرتنىڭ قويۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي دەسلەپتە مەڭدەپ قاپتۇ. كېيىن گاڭگىراپ قوللىرى تىترەپ، يۈز - كۆزلىرىنى مونچاق - مونچاق تەر بېسىپتۇ. خېلى باش قاتۇرغان بولسىمۇ ياخشى بىر چارە تاپالماي، ئاخىر تەۋەككۇل قىلىپ، تۇخۇم شاكىلىنى تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن تەسلىكتە ئېلىپ، ئىچىگە چىنىدىكى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقىنى قۇيماقچى بولغاندا، تىترەپ تۇرغان قوللىرى ئەپلەشمەي، يەرگە سېلىپ قويغان گىلەمگە تۆكۈلۈپ، گىلەمنى رەسۋا قىپتۇ، بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان قازى:

— ھەي تاز، مۇشۇمۇ شەرت بولدىمۇ؟— دەپ چالۋاقاپتۇ.

— بۇ شەرتلەر ئەڭ ئاددىي، قازى ئاكا، ئەگەر سىلى ئورۇنلىيالمىغان بولسىلا، ئورۇنلىيالمىدىم دېسىلە، مەن ئورۇنلاپ كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ يېتىم تاز.

— ھەي تاز، بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟— دەپ تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ چىچىلىپ كېتىپتۇ.

يېتىم تاز ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك:

— مەن شەرتنى ئورۇنلىيالمىدىم دېسىلە، نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، — دەپتۇ پەرۋاسىزلا.

— قېنى چۈشەندۈر. مەن شەرتنى ئورۇنلىيالمىدىم، — دەپتۇ قازى. تاز چۈشەندۈرۈپ:

— قازى ئاكا، بۇ، يېڭى شەھەر قازىسىنىڭ ئەگەر مەن ساڭا شەھەر قازىلىقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرسەم بۇ خۇددى تۇخۇم چېقىلىپ ئىچىدىن ئېقى بىلەن سېرىقى چىقىپ كەتسە، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش دېگىنى. قالغىنىنى سىلىنى ئۆز ئەقىللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا قويغان. سىلى بۇ شەرتنى ئورۇنلىيالمىدىلا، بىر تۇخۇمنىڭ ئىشىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغان ئادەم ئىككى شەھەرنىڭ قازىسى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىلا، — دەپ سۆزىنى توختىتىپتۇ. قازى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— بۇ قانداق گەپ، سەن، سەن ئورۇنلاپ باققىنا..— دەپ كېكەچلەپ تۈزۈك گەپ-

مۇ قىلالماي قاپتۇ.

— مەن بۇ شەرتنى سىلىگە توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆرسىتىپ قوياي. هازىر ئۆ-
زىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، قازى ئاكا، سىلى قويغان شەرتنى بىز ئورۇنلاپ يېڭى شەهەر
قازىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ كەلدۇق. لېكىن، ئىشنى ئۆزلىرى بۇزدىلا، ئەمدى توي كۇ-
نىنى بىر نەرسە دەپ بەرسىلە، بىز چىقىپ تەييارلىق قىلساق، — دەپتۇ يېتىم تاز. بۇنى
ئاڭلىغان قازى ئەلەمگە چىدىماي:

— هەي بەتبەختلەر، نەدىمۇ شۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ مېنىڭ تېخى شەرتلىرىم
تۈگىمىدى، سىلەر ئەمدى ماڭا شەهەرنىڭ شاهلىقىنى ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن بىر گەپ
بولار، — دەپتۇ.

يېتىم تاز قازىغا شەهەرنىڭ پادىشاهلىقىنى ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، بىر كۈنلۈك
مۆهلەت ئېلىپ ئاغىنىلىرى بىلەن قازىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. قازى كۆڭلىدە قويغان
شەرتىدىن سۆيۈنسىمۇ، لېكىن پادىشاهنىڭ يېڭى شەهەر قازىسىدەك «ئەخمەق» لىق قىلى-
شىدىن ئەنسىرەپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرالماي قاپتۇ.

يېتىم تاز ئاغىنىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شەهەرگە چىقىپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۇستا بىر خەت-
تاتنى تېپىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇن تەڭگىگە مۇنداق دەپ خەت پۈتكۈزۈپتۇ.

«شەهەر قازىسى سۇلتانباي هاجى، مەن سىنىڭ قويغان شەرتىڭگە قوشۇلمەن. بۇنىڭ
ئۈچۈن سەنمۇ مەن قويغان شەرتكە كۆنۈشۈڭ كېرەك. مېنىڭ شەرتىم سەن ئەۋەتكەن ئا-
دەم بىلەن بىللە بارىدۇ. ئەگەر گېپىڭدىن يېنىۋالساڭ قازىلىقىڭنى ئېلىپ تاشلايمەن. شەهەر
پادىشاهى.»

ئۇلار خەتنى چىرايلىق پۈكلەپ يېنىغا سېلىپ، ئۇستا بىر ئويمىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ
يىگىرمە تەڭگىگە پادىشاهنىڭ مۆهۈرىنى ئويدۇرۇپ خەتكە بېسىپ، تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ-
تۇ ھەم ئۆز پىلانلىرى بويىچە بازار ئارىلاپ كەچ كىرگەندە گەزمال بازىرىدىن قىرىق مې-
تىر شايىنى ئېلىپ، سارايغا قايتىپ كەپتۇ.

ئۇلار ئەتىسى يەنە قازىغا سالام بېرىپ كەپتۇ. بۇ نۆۋەت قازى: «ئەمدىغۇ ئەدە-
پىڭلارنى يەپ، مېنىڭ ئالدىمغا قىز ئالىمەن دەپ كەلگىنىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ، قىلغان
ئىشىڭلارغا توۋا قىلغىلى كىرگەنسىلەر» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆرەڭلىگىنى-
چە:

— قانداق، شەرتنى ئورۇنلىيالىدىڭلارمۇ ياكى ماكچىيىپ باسقان يولۇڭلارغا پۇشايمان
قىلىۋاتامسىلەر؟— دەپ گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، چۈنكى قازى: «شەهەر پادىشاهى؟ پادىشاھ-
لىقنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرىدىغان يېڭى شەهەر قازىسى ئەمەس، بۇلار شۇ گەپنى قى-
لىپ بارسا چوقۇم ئەدىپىنى يەيدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ هىيلە ئىشلىتىدىغانلىقىنىمۇ خى-

يالمۇ قىلىپ باقمىغانىكەن.

يېتىم تاز باشقا ئارتۇقچە گەپ قىلماي، يېنىدىن خەتنى چىقىرىپ قازىغا سۇنۇپتۇ. قازى خەتنى قولىغا ئېلىپ، كۆرۈپ: «مەن بۇ نۆۋەت تازغا ئەمەس، خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىغان ئوخشىمامدىمەن. بولمىسا، بۇلار قانداق قىلىپ قازىلىق بىلەن پادىشاھلىقنى ئېلىپ بېرىشكە ئۇلاردىن رازىلىق ئالالايدۇ» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ:

— قېنى، نېمە شەرت ئىكەن، ئورۇنلاشقا مەن تەييار، — دەپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئىلگىرىكى نۆۋەتتە ئىككى شەھەرنىڭ قازىلىقى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، مېڭىسى ئىشلىمەس بولۇپ قېلىپ، شەرتنى ئورۇنلاشقا كۆنگەن بولسا، ئەمدى شەھەرنىڭ قازىلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ۋەھىمىسى كاللىسىنى ئىشلىمەس قىلىۋەتكەچكە، شەرتنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

قازىنىڭ ئاسانلا ئەيۋەشكە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تاز:

— پادىشاھى ئالەممۇ ئاۋۋال ۋەدە ئېلىڭلار، ئاندىن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار دېگەن، — دەپتۇ. قازى تەمترەپ:

— نېمىدەپ ۋەدە بېرىدىكەنمەن؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر پادىشاھ قويغان شەرتنى ئورۇنلىيالمىسىلا، سىلى قويغان شەرتتىن ۋاز كېچىدىلا ھەم شەرتنى ئورۇنلىيالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن بىزگە يەنە تۆلەم تۆلەيدىلا، ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىلە، بېرىپ پادىشاھقا قازى شەرتنى ئورۇنلاشتىن باش تارتتى، دەپ يەتكۈزۈپ قويساقلا ئىشىنىڭ پۈتكىنى شۇ. ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىلا، — دەپ تەھدىت سېلىش نۆۋىتى يېتىم تازغا كەپتۇ. قازى تازنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ قازىلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— بولدى، ۋەدە بېرەي، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. قازى ۋەدە بېرىشكە رازى بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قازىدىن يەنە تىلخەت سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. قازىمۇ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تىلخەت بېرىشكە كۆنۈپتۇ:

«مەنكى شەھەر قازىسى، ئەگەر قويغان شەرتنى ئورۇنلىيالمىسام، يېتىم تاز ئۈچۈن بىر قوتان ئۆچكە، بىر قوتان تۆگە تۆلەيمەن» دېگەن تىلخەتنى بېرىپتۇ. ئۇلار تىلخەتنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن:

— قازى ئاكا، پادىشاھىمىز قازى مۇشۇ قىرىق مېتىر شايىنى سەللە قىلىپ ئوراپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلسە، مەن پادىشاھلىقىمنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەن دېدى، — دەپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان شايىنى يېنىدىن چىقىرىپ بېرىپتۇ. قارىماققا ئاددىي ئاڭلانغان بۇ شەرتنى ئاڭلىغان قازى: «پادىشاھمۇ بىر دۆت نېمىكەن. شۇنىمۇ شەرت دەپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتەمدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، پەقەت پادىشاھلىقنى ئېلىش خىيالىدىلا:

— قېنى ئەكېلىڭلار، — دەپ ئالدىراپ - تېنەپ شايىنى بېشىغا ئوراشقا باشلاپتۇ. دەسلەپ خېلى ئوڭۇشلۇق بوپتۇ. سەللە يوغىنىغانچە ئوراش تەسلىشىپ، قازىنى خاپا قىپتۇ. قازى تەرلەپ، پىشىپ، هاسىراپ مىڭ تەسلىكتە ئوراپ بولۇپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قېنى يۈرۈڭلار، پادىشاھلىقنى ئالدىغان بولسام سىلەرنىمۇ قانات ئاستىمغا ئالىمەن، — دەپ ئىككى قەدەم باسا - باسمايلا بېشىدىكى سەللە يېشىلىپ كۆزىنى ئېتىۋاپتۇ. قاراپ تۇرغانلار قازىنىڭ هالىغا كۈلگۈسى كەلسىمۇ، كۈلكىسىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپتۇ. قازى ئىنجىقلىغىنىچە، ۋاي - ۋايلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە سەللىنى بېشىغا ئوراشقا كىرىشىپتۇ. قازى هاسىراپ - هۆمۈدەپ سەللىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئوراپ يەنە مېڭىپتۇ. سەللە يەنە يېشىلىپ كېتىپتۇ. قازى يەنە ئوراپتۇ. قازى ئۆيىدىن هويلىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغۇچە يەتتە - سەككىز قېتىم سەللە ئوراپ، يەتتە - سەككىز قېتىم دومىلاپ، باش - كۆزىنىڭ بىرقانچە يېرى جاراهەت بولۇپ، تومپىيىپ ئىششىپ چىقىپتۇ. قازى بۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلماي سەللىنى يەنە ئوراپ كوچىغا چىققانىكەن، ئادەم جىق يەرگە كېلىپ دومىلاپ كېتىپتۇ. كىشىلەر قازىنىڭ سەللىنى سۆرەپ، دومىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈلۈشۈپ رەسۋا قىلىپ:

— قازىغا جىن چاپلىشىپتۇ.

— قازى ئالجىپ قاپتۇ، — دېيىشىپتۇ. قازى ئەمدى ئەلەمگە چىدىماي:

— هەي يېتىم تاز، شەيتان تاز، بۇ زادى نېمە قىلىق؟ نېمە ئىش؟— دەپ چالۋاقاپ، كەينىگە يېنىپ بېشىدىكى شايىنى پىرقىرىتىپ ئېتىۋېتىپتۇ.

— هەي شەيتان تاز، ئېيتە، بۇ زادى نېمە ئىش؟— دەپ قايتىلاپ سوراپتۇ. يېتىم تاز مەنىستىمگەندەك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قانداق، قازى ئاكا، پادىشاهنىڭ ئالدىغا بارمايمىزمۇ؟— دەپتۇ. يېتىمچى تازنىڭ كۈلكىسى قازىنىڭ جاراهىتىگە تۇز سەپكەندەك، ئۇنىڭ ئەلەمدىن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان قازى:

— بولدى بەس، بۇ قانداق گەپ؟— دەپتۇ.

— بۇ، — دەپتۇ يېتىم تاز ئەهۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — پادىشاهنىڭ قىرىق مېتىر سەللىنى ئوراپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن دېگىنى، ئەلنىڭ غېمى شۇ سەللىنى كۆتۈرگەندىنمۇ ئېغىر ئىش دېگىنى. سىلى بىر سەللىنى ئوڭشاپ ئوراپ كۆتۈرەلمىگەن ئادەم پادىشاهلىقنى باشلىرىغا ئېلىۋالسىلا، ئەلنىڭ غېمىنى قانداق كۆتۈرەلەيدىلا؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، پادىشاهلىقتىن ۋاز كەچكەنلىرى تۈزۈكمىكىن، — دەپ قازىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپتۇ. قازى يېتىم تازنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا باش لىڭشىتىپ ساپتۇ. شۇنىڭ بى-

لەن، ئۇلار قازىنىڭ ئىككىنچى شەرتىنىمۇ قازىنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلىتىپ، شەرتنى ئادا قىلىپ بولۇپتۇ.

يېتىم تازنىڭ دوستلىرى قازىنىڭ شەرتنى ئورۇنلىيالمايدىغانلىقىغا قايىل بولغاندىن كېيىن، يەنە تويىنىڭ كۈننى توختىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قازى بۇ چاغدا: «بۇلار ئادەم قىلالمايدىغان ئىشنى بۇيرۇسام، ھەممىسنى ئورۇنلىدى ھەم يەنە ئورۇنلايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى ئادەم ئەمەس، گەپ ئۇقمايدىغان ئاڭسىز ھايۋانلار بىلەن ئادا قىلىدىغان شەرتنى قويۇپ، رەسۋا قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— مەرتەم – مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن. مەن سىلەرگە ئاخىرقى شەرتنى قوياي، ئەگەر سىلەر شۇ شەرتنى ئورۇنلىيالىساڭلا، گەپ سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولسۇن، ئورۇنلىيالمىساڭلار، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، — دەپتۇ.

— قېنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسىلا، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا.

قازى ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئۆز كۆڭلىگە ياققۇدەك مۇرەككەپ، تەس بىرەر شەرتنى ئويلاپ تاپالماي، ئۇزاق ھايال بولۇپ، ئۆز – ئۆزىگە خاپا بوپتۇ. قازى تۇزۇك شەرت تاپالماي تىت – تىت بولۇپ تۇرغاندا، ئېغىلدىكى ھاڭگا ئېشەكى شۇنداق يېقىمسىز ھاڭراپتۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلاپ قازى بىر ئەقىل تاپقاندەك خۇش بولۇپ:

— تاپتىم، تاپتىم، — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ باياتىن بېرى ئېشەكنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنلىكىگە ئۆز – ئۆزىدىن كايىپتۇ.

— قېنى، نېمە شەرت تاپتىلا؟— دەپتۇ قازىنىڭ خۇشاللىقتىن توۋلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تاز.

— ئاخىرقى شەرتىم، — دەپتۇ قازى، — مېنىڭ ئاتامدىن قالغان بىر قېرى ھاڭگا ئېشىكىم بار. بايا ھاڭرىغان شۇ، سىلەر ئېشەككە زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا، شۇ ئېشەكنى بىر جۈمە ھاڭرىمايدىغان قىلىپ بېرىسىلەر، ئەگەر ئېشەككە بىرەر زەخمەت يېتىپ قالسا، ھەممە ئىشنى بىكار قىلىپ كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرستىمەن.

بۇ شەرتنى ئاڭلاپ يېتىم تاز يەنە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— قازى ئاكا، ئېشەكنى ھاڭرىمايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بىرىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا سىلى بىزنىڭ ئېغىلغا بىمالال كىرىپ – چىقىشىمىزغا رۇخسەت قىلسىلا، بىز يەنە ئېشەكنى ھاڭراتماسلىق ئۈچۈن، بىر ھەپتە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز، بىز بىكار يۈرگىمىز كەلمەي، ئاز – تولا ئوقەت قىلايلى، دەپ سىلىدىن ياغ ئېلىپ – سېتىشنى مەسلىھەتلەشتۇق، ئەگەر سۇ يېغى بار بولسا ئىككى قاپاق بېرىپ تۇرسىلا، —



دەپتۇ. قازى: «بۇلار ئەمدى ئامال تـاپالماي ئـوقەت قىلـىشقا كـە-
رىشكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئىككى قاپاق ياغنى ئېلىـپ
بېرىپتۇ.

يېتىم تاز قازىدىن سۇ يېغىنى ئاپـتۇ-دە، سەل قىـزدۇ-
رۇپ ئېغىلغا ئېلىپ كىرىپ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى قايرىپ،
قۇيرۇقىنىڭ ئاستـىنى قويۇق مـايلاپتۇ. ئـۇ ھەربىر ئـاش
پىشىم ۋاقىتدا بىر نۆۋەت ئاشۇنـداق قىپتـۇ. شۇنىڭ بـى-
لەن، قېرى ئېشەك ھاڭرايمەن دەپ كۈچىگەندە، كەينى
يۇمشاپ يەل تۇتالماس بولۇپ قالغاچقا، يەل كەينىدىن
چىقىپ كېتىپ ھاڭرىيالماپتۇ. يېتىم تاز بـۇ ئىشنـى
بىر ھەپتە داۋام ئېتىپتۇ. قېرى ئېشەك بىـر
جۈمەگىچە ھـاڭرىماقـچى بولۇپ، خـېلى كۈچـەپ
باققان بولسىمۇ، بىرەر قېتىممۇ ھاڭرىيالماپتۇ. ئېشەك ھاڭرىـمىغاچـقا، بۇ ئـىش
قازىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقماپتۇ. بىر ھەپتە توشقاندىن كېيىن، تاز دوستلـى-
رىنى باشلاپ قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ. قازى ئۇلارنى كۆرۈپ چۆ-
چۈپ كېتىپتۇ ھەم ئۇلاردىن:

— نېمە ئىش بىلەن كىردىڭلار؟— دەپ سوراپتۇ.

— بىز سىلى دېگـەن شەرتنى ئـورۇنلاپ بولۇپ، تـوي كۈنىنـى
توختىتىش ئۈچۈن كىردۇق، — دەپـتۇ. قازى بۇ گـەپنى ئاڭـلاپ:
«ئۇلار ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئەمدى مەندىن قۇتۇلالمـاي-
دۇ» دەپ يۈگۈرۈپ ئېغىلغا كىرگەنـىكەن، قازىـنى كۆرسـىلا
سەت ھاڭرايدىغان ئېشەك ھاڭرىماي قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىـ-
نىچە تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قازى بىر ئۆزىگە ئـىشىنـىپ،
بىر ئىشەنمەي چەكچىيىـپ تۇرۇپ قاپـتۇ ھەم ياقـىسىنـى
تۇتقىنىچە:

— بۇلار ئادەممۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ، سۇب-
ھانالللا، سۇبھانالللا، — دەپ ئېغىلدىن قايتىپ چى-
قىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ پېـشانىسـىدىكى تـەر-
لەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

— سىلەر ئادەممۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟ ئېشەكنى
زادى قانداق قىلىپ ھاڭرىماس قىلـىپ قويدۇڭـلار؟—





دەپ سوراپتۇ.
— ئاۋۋال شەرتنى ئورۇنلاپ بولدى دەپ تىلخەت بەرسىلە، ئاندىن ئېيتىپ بېرىمىز، — دەپتۇ تاز. قازى ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ئورۇنلاپتۇ. تاز ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قازىنى قايىل قىپتۇ. قازى بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، ئورنىغا چۆكۈپلا قاپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ:

— بولدۇ، سىلەر ئادەم ھەم ھايۋان ئارقىلىق بولىدىغان شەرتلەرنى ئورۇنلاپ بولدۇڭلار. مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم، تۆتىنچىسى بەتتەم دېتىكەن، مەن بەتتەم بولسامۇ مەيلى، مەن ئۆزۈم ئارىلاشقان شەرتتىن بىرنى ئورۇنلاڭلار، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دەپتۇ.

— چىدىغانغا چىقارغان، قازى ئاكا، سىلى چىدىمىسىلا بىز چىدايمىز. قېنى يەنە نېمە شەرتلىرى بار؟ — دەپتۇ تاز.

— بۇ نۆۋەت باشقا شەرتىمۇ قويماي، سىلەر ئەقىلسىز ئېشەكنىڭ زۇۋانىنى يوقىتىپسىلەر. شۇنداق كارامەتچىلەر بولساڭلار، كېلەر جۈمە كۈنى مەن مەسچىتتە، جۈمە نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جامائەتكە ۋەز ئېيتىمەن. شۇ چاغدا مېنى بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي، گەپتىن توختىتالىساڭلار، ئاندىن كېيىن دېگىنىڭلاردەك بولسۇن، بولمىسا يەنىلا مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، — دەپتۇ.

يېتىم تاز يەنە ماقۇللۇقنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. جۈمە كۈنى يېتىپ كەپتۇ. يېتىم تاز ئالتە ئاغىنىسىنى باشلاپ مەسچىتكە جۈمەگە بېرىپتۇ. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ تۈگەپتۇ. ناماز ئاخىرلىشىپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، قازى مېھرابقا چىقىپ ۋەز ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا يېتىم تاز ئاغىنىلىرىنى باشلاپ جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قازىنىڭ ۋەزىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. قازى بۇلارنى كۆرۈپ: «ئەمدى بۇلار نېمە كارامەت كۆرسىتەر» دەپ تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. قازىنىڭ ئاۋازىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈپتۇ. قازى تېخىمۇ تەمتىرەپ، پېشا-



نىسىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكۈچە ئۇلار شۇ ھالەتتە
ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئۇلار ھەممىسلا قازىغا تىكىلىپ قارىغانىكەن،
قازىنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك -
پوك» دېگەندەك، تېخىمۇ سۇر بېسىپ كېتىپتۇ. قازى كۆزىنى ئۇلاردىن قاچۇرماقچى بول-
غانىكەن، كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان يېتىم تازنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلالماي، نېمە قىلا-
رىنى بىلمەي تەرلەشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا تاز سول قولىنى كۆتۈرۈپ قازىغا كۆرسىتىپ
تۇرۇپ، سول قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن بىگىز قولىنى بىرلەشتۈرۈپ ھالقا ھاسىل قىلىپ،
ئوڭ قولىنىڭ بىگىز قولىنى ھالقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئايلاندۇرۇپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ
دەرھال كۆز ئالدىغا ئېشەكنىڭ ھاڭرىيالماس بولۇپ قالغىنى كەپتۇ-دە: مېنىڭمۇ ئارقامغا
ياغ سۇرۇۋەتسە قانداق قىلارمەن، دېگەن تەشۋىش بىلەن تەمتىرەپ، ئۆزىنىڭ قويغان
شەرتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، قىلىۋاتقان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي، ئالمان - تالمان مېھراب-
تىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. جامائەت نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي، بۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇۋات-
قاندا، جامائەت ئارىسىدىن قازىنىڭ يالاقچىلىرىدىن بىرى چىقىپ:
— قازى ئاخۇنۇم بىتاپ بولۇپ قالدىلىمۇ، ياغدەك ۋەز قىلىۋېتىپ توختاپ قالدىلا-
غۇ؟— دەپتۇ. قازى گەپ - سۆز قىلماي تازنى ئىشارەت قىپتۇ.
— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟— دەپتۇ ھېلىقى خۇشامەتچى.
— ئۇ، ئۇ ئارقامغا ياغ سۇرىمەن دەيدۇ، — دەپتۇ قازى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپ-
تىكى جامائەت پاراققىدا كۈلۈشۈپتۇ. كۈلگەندىمۇ تېلىقىپ قالغۇچە كۈلۈشۈپتۇ. قازى بۇ ئە-
لەمگە چىدىماي يەنە:
— ئۇ ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىغا ياغ سۇرۇپ ھاڭرىماس قىلىۋەتكەن، —
دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈلكە تېخىمۇ قاتتىق كۆتۈرۈلۈپ، مەسچىتنىڭ ئۈستىنى كۆتۈرۈۋەت-
كىلى تاس - تاماس قاپتۇ. كۈلكە توختىغاندىن كېيىن، ھېلىقى خۇشامەتچى يەنە:
— قازى ئاخۇنۇم، بۇ نېمە گەپ؟— دەپ سوراپتۇ.
قازى شۇ ئورۇنىڭ ئۆزىدە بولغان ئەھۋالنى جامائەتكە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.
جامائەت قازىنىڭ مات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، يەنە كۈلۈشۈپتۇ ھەم يېتىم تازغا
مەدەت بېرىپ:
— ھەممە ئىشلارنى قازىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇق. پەيتى كەلگەندە قازى ۋەدى-
سىدىن يېنىۋالسا، بىز گۇۋاھچى بولىمىز. ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپ-
سەن، — دەپ ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. قازى ئەسلىي ئۆز دەردىنى جامائەتكە سۆزلەپ بېرىپ
جامائەتنىڭ ھېسداشلىقىغا ئىگە بولۇپ، يېتىم تازدىن قۇتۇلىمەن دېگەن مەقسەتتە بولغان
ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن. ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي، ئەكسىچە بولۇپ، قازى-

نىڭ جۇدىنىنى ئۆرلىتىپتۇ. قازى يىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپانىنى ئوتقا سېلىپ:

— بولدى بەس، كالۋا ئىشەكلەر، — دەپ پەش قىقىپ چىقىپ كېتىپتۇ. جامائەت قازىنىڭ گەپ - سۆزىدىن:

— قازى تېخى كالۋا ئىشەكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتۇ. كالۋا ئىشەك دېگەن ئۆزى تۇرسا، — دەپ مازاق قىلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.

يېتىم تاز قازىنىڭ كەينىدىن چىقىپ دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل قازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. جامائەتمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بېرىپتۇ. قازى ئۇلارنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن:

— يوقىلىش، جىن ئۇرغان ساراڭلار، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما، بوسۇغامدىن ئاتلاشما، — دەپ قوغلاپتۇ.

— خوش، قازى ئاكا، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى جامائەت بىلىپ بولدى. ئەمدى سۆزلىرىدىن يېنىۋالسىلا سىلىگە سەت، قىزلىرىغا ئۆيات، ئەل سىلىدىن بىزار بولىدۇ، «ئەل بىزاردىن خۇدا بىزار» دېگەن سۆز بار. خۇدا بىزار بولسا قاغىش ئۇرىدۇ، — دەپتۇ تاز.

قازى ھەممە قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى جامائەتنىڭ ئالدىدا ھېسداشلىققا ئىگە بولمەن دەپ ئاشكارىلاپ قويغىنىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ ھەم زارلىنىپ:

— سەن تاز، مېنىڭ نەسلىمنى قۇرۇتىدىغان بولدۇڭ، توي ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنى، شۇ ۋاقىتقىچە ھەممىنى تەل قىلالمىساڭ، ساڭا بېرىدىغان تەخىيمۇ يوق، — دەپتۇ.

— خوش قازى ئاكا، گەپ سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، سىلىدىكى ماللارمۇ بىزگە يانسۇن، — دەپتۇ تاز.

— نېمە مال؟ مەن سىلەرگە قاچان قەرزدار بولغان؟!— دەپتۇ قازى.

— ئالجىمسىلا، قازى ئاكا، يېڭى شەھەر قازىسىنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىيالمىغاندا ۋەدە قىلغان ماللىرى ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا، مانا بەرگەن تىلخەتلىرى، — دەپ تاز قوينىدىن ئىككى پارچە تىلخەتنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ:

— سىلەر قىزىل كۆزلۈك قىلىۋاتىسىلەر، مەن سىلەرنى قازىغا ئەرز قىلىمەن، — دەپ چالۋاقاپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. جامائەت قازىنىڭ گەپ - سۆزى ۋە ھەرىكەتلىرىگە قاراپ:

— قازى راستىنلا ئالجىپ قاپتۇ. راستىنلا ئالجىغان ئىشەككە ئايلىنىپتۇ، — دېيىشىپتۇ. تاز:

— قازى ئاكا، سىلىدىن باشقا ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق قىلىدىغان قازى بار بولسا بارساقمۇ بارايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قازى ئۆزىنىڭ قازى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ «بېخىلنىڭ پۇلى چىققۇچە،

جېنى چىقىپتۇ» دېگەندەك، بايلىقتا ھېرىسمەن قازىنىڭ بىكاردىن يىغقان مال - دۇنياسىنى ئىككى ئېغىز گەپ ئۈچۈن ئۇچۇرۇۋېتىشكە كۆزى قىيماي، تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، ئۇلار ئۇنى دېيىشىپ، بۇنى دېيىشىپ، تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولۇشۇپتۇ. جامائەتمۇ يېتىم تازنىڭ تەرىپىنى قىلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەكچى بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا رازى بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار توپلىشىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قازى يولدا ئۆزىگە يانتاياق بولۇپ يان باسىدىغان، ئىلگىرى بېشىنى سىلىغان يېقىنلىرىدىن بىرنەچچىنى چاقىرىۋاپتۇ. ئۇلارمۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشمىسىمۇ، قازىدىن بىرەر نەپ تېگەر دېگەن ئۈمىدتە توپقا قوشۇلۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى سوراپتۇ. قازى پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ قويغان شەرتلىرىنى، تويلۇقنى ئېيتمايلا، قىزىل كۆزلۈك بىلەن بوھتان چاپلاپ:

— پادىشاھى ئالەم، بۇلار مېنى بوزەك قىلىپ، تۆت قوتان مالغا ئۆستەگدەپ قىزىمنى بېرىشكە قىستاۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىپتۇ، پادىشاھ قازىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ:

— قېنى يىگىتلەر، قازىنىڭ ئەرزىگە نېمە دەيسىلەر؟ — دەپتۇ.

بۇ چاغدا يېتىم تاز ئوتتۇرىغا چىقىپ: «قازى يالغان سۆزلىدى. مەنمۇ تويلۇق ھۆددە بەرگەننى ئاشكارىلىماي قالغىنىنى ئېيتاي» دەپ ئويلاپ، قازى بىلەن دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىن تارتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ كېلىپ:

— بىز قازىنى بوزەك قىلمىدۇق، ئۆزى بەرگەن تىلخەتتىكى ماللارنىلا تەلەپ قىلىۋاتىمىز، — دەپ ئىككى پارچە تىلخەتنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. جامائەتمۇ يېتىم تازنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىپتۇ. پادىشاھمۇ قازى ئوتتۇرىغا قويغان بىمەنە شەرتلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشكە پېتىنغان دۈشمەن ھېسابلاپ:

— يىگىت، بۇ تىلخەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە سېنىڭ شاھىتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ ئالتە يىگىت شاھىت، — دەپتۇ. پادىشاھ يەنە:

— قازى، بۇلارنىڭ سىلىنى بوزەك قىلغانلىقىغا شاھىتلىرى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى ئىككى يېنىغا قاراپ يولدا كېلىۋاتقۇچە چاقىرىۋالغان تەخسىكەشلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ قازى كۆرسەتكەن شاھىتلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— قازىنىڭ ھەقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار نېمە دېيىشىنى بىلمەي، بىر - بىرىگە ئالاق - جالاق بولۇشۇپ قاراپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ غەزىپى تېشىپ:

— هەي هاڭۋاقتى ئېشەكلەر، نېمگە قاراپ تۇرۇشسەن، گەپ قلش!— دەپ ۋار-
قراپتۇ. ئۇلار قورقۇپ كېتىپ:

— پادشاهى ئالەم، گۇناهمزنى تلەيمز، يولدا كېتۋاتساق قازى بىزنى پادشاه-
نىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ گۇۋاهلقتىن ئۆتۈپ بەرسەڭلار، هەربىرىڭلارغا ئون تەڭگە بېرد-
مەن، دەپ چاقرىپ ئېلىپ كەلدى. تېخى نېمگە گۇۋاهلىق بېرىدىغانلقمزنى بىلگۈدەك
بولمدۇق، — دەپ راست گەپنى قلىپ، قازىنىڭ قىزىل كۆزلۈك قلىۋاتقانلقىنى ئاشكا-
رىلاپ قويۇپتۇ. پادشاه بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— جاللات!— دەپ توۋلاپتۇ. جاللاتلار تەل بولۇپ، باش ئېگىپ، پادشاهنىڭ ئەم-
رىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. پادشاه قازىنىڭ شاهىتلرىنى ئىشارەت قلىپ:

— مۇنۇ يالغان گۇۋاهلقتىن ئۆتمەكچى بولغان تۇزكور مۇناپىقلارنىڭ هەربىرىگە
ئەللىك دەررە ئىنئام قلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار ئۇلارنىڭ زارلىنىشلىرىغا پەر-
ۋامۇ قلماي، سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قازى پادشاهنىڭ ئايغىغا ئۆ-
زىنى ئېتىپ ئىلتىپات تلەپتۇ. پادشاه قازىنىڭ زارلىنىشغا پەرۋا قلماي:

— قازىم، شەرىئەت هۆكمدە كىشىنىڭ هەققى كىشدە قالماس، دېيىلگەنكەن. بەر-
مەك بەرهەق، — دەپ قازىنى ماللارنى بېرىشكە قىستاپتۇ. قازى پادشاهنىڭ هۆكمنى
ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ:

— مېنىڭ ئۇنچىلىك مېلم يوق، ئەمدى قانداق قلىمەن؟— دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادشاه:

— بىر قوتان قوي قانچە تۇياق؟— دەپ ئۆز ئادەملرىگە قاراپتۇ.

— مىڭ تۇياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادشاهنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى. پادشاه
بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، يېتىم تازدىن:

— سلەرگە هەربىر مال ئۈچۈن قانچىلىك ئالتۇن - كۈمۈش تۆلسە بولار؟— دەپ
سوراپتۇ.

— هەر ئىشتا ئىنساب بولۇش كېرەك، دېگەن گەپ بار، پادشاهى ئالەم، قازىدا
ئىنساب بولمغان بىلەن بىزدە ئىنساب بار. بىز مالنى چوڭ - كىچىك دەپ هېسابلىماي،
هەربىر تۇياق مال ئۈچۈن بىر سەر ئالتۇن - كۈمۈش بەرسە رازى بولىمىز، — دەپتۇ.

پادشاه يېتىم تازنىڭ تەلپى بويىچە هۆكۈمنى ئىجرا قلشنى، ئەگەر قازى يەنە باش
تارتسا دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. قازى ئۆز بېشىنىڭ كېتشىدىن قورقۇپ، پادد-
شاهنىڭ هۆكمى بويىچە تۆلەم تۆلەشكە رازى بوپتۇ. لېكىن، مال - دۇنياسىنىڭ ئۆز ئىلكد-
دىن بىكاردىن - بىكار چىقىپ كەتكەنلكى ئەلەم بولۇپ، ئەقلىدىن ئادىشىپ ساراڭ بوپ-
تۇ- دە، شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا:

— مەن تازنىڭ پوقىنى يېدىم، مەن تازنىڭ پوقىنى يېدىم، — دەپ توۋلىغىنىچە

يۇرتنى تاشلاپ چۆل ـ جەزىرىگە، باياۋانغا قاراپ كېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ قازىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى يېتىم تاز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. مال ـ مۈلكىنى تەڭ بۆلۈشۇپ، يېتىم تازنى قازىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

توي تۈگىگەندە يېتىم تازنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە، پەمگە قايىل بولغان پادىشاھ ئۇنى شەھەرگە قازى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلاپتۇ، تاز قازى بولۇپ، قىزىل كۆز، مەككار، ئالدامچى بەگ ـ غوجاملارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھەق ـ ناھەقنى توغرا ئايرىپ، ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ئۆتۈپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەر كاللىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## كالىغا يەم بېرىش

ئۆتكەن زاماندا بىر موماي بىلەن بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قېرى كالىسى بار ئىكەن. كالا بېقىشتىن زېرىككەن بوۋاي بىلەن موماي كالىنى كىم بېقىش ھەققىدە بىر ـ بىرى بىلەن تاكاللىشىپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ سوغۇق تازا كۈچەيگەن كۈنلە نىڭ بىرىدە بوۋاي مومايغا كايىپ:

— ھەي خوتۇن، كالىغا يەم بەردىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ئۆيدىن سىرتقا چىقىشتىن قورقۇپ ئولتۇردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موماي.

— ئۇنداق بولسا دەرھال چىقىپ كالىغا يەم بېردۋەت، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ بوۋاي.

— ئۆزلىرى بەرسىلە، بۈگۈندىن باشلاپ كالىغا قارىمايمەن. زېرىكتىم بۇ مەخلۇقتىن، — دەپتۇ موماي.

موماي بىلەن بوۋاي ناھايىتى ئۇزاق تاكاللىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىگە كىرمەپتۇ. ئاخىر ئۇلار بىر ـ بەرىگە دومسىيىشىپ مۇشۇ سائەتتىن ئېتىبارەن كىم ئالدىن گەپ قىلسا، شۇ كالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقنى دېيىشىپتۇ ۋە بۇنىڭغا ھەر ئىككىسى ماقۇل



كەپتۇ. بىراق، ھېلىگە موماي ئاستا ھاجەتكە چىققان بولۇپ ھەييار تازنى چاقىرىپتۇ ۋە:
— ھوي يىگىت، ھالىمغا يەتسەڭچۇ؟— دەپ بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ دەردىنى تۆ-
كۈپتۇ ھەمدە بوۋاينى گەپ قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. مومـاينىڭ ئـورۇنلاشتۇرۇشى
بىلەن ھەييار تاز ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، بوۋايغا سالام بېرىپ:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپتۇ. قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان بوۋاي گەپ - سۆز
قىلماي جىم ئولتۇرۇپتۇ.
ھەييار تاز بوۋاينى گەپ قىلدۇرماق بولۇپ قۇلاقلىرىنى سوزۇپ، بەدەنلىرىنى چىمـ-
داپ كۆرۈپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن بوۋاينىڭ تېخىمۇ تەرسالىقى تۇتۇپ دومسىيىپ ئولتـۇرۇپ-
تۇ. بوۋاينى گەپ قىلدۇرالمىغان چېچەن تاز يېنىدىن ئۇستىرىنى ئېلىپ چېچىنى چۈشۈرۈش-
كە باشلاپتۇ. بىراق، بۇ ئۇسۇلمۇ كار قىلماپتۇ. ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرىۋەتسىمۇ مـ-
دىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىر چېچـەن تاز بوۋاينـىڭ قېشىنى چۈشۈرۈپ
كىرپىكلىرىنى يۇلۇپ يۈزىگە ھەر خىل بوياقلارنى سۈرۈشكە باشلاپتۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ،
نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلغان بوۋاي ئۆز پىلانىدا چىڭ تۇرۇپتۇ. چېچەن تاز ئاخىر بـو-
ۋاي بىلەن ئېيتىششىتىن زېرىكىپ ھۈنىرى كارغا كەلمىگەنلىكتىن، گەپ قـىلىشـىنى كۈتـۈپ
ئولتۇرماي مومىاي ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ سىرتقا چىقسا ھەييـار
تاز ھودۇققان ھالدا قېچىۋاتقۇدەك. موماي:
— ھەي يىگىت، توختاڭ! ئىش ھەققىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ! ئۇ قېرى
گەپنى سىز ئاڭلىغۇدەك قىلدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. تاز:
— ھە، ھۈنىرىمنىڭ ھەممىسنى ئىشلـەتتىم، لـېكىن گـەپ
قىلمىدى. سىز يېنىغا كىرسىڭىز بەلكىم گەپ قىلىپ قالار، —
دېگىنىچە ھەققىنىمۇ ئالماي تېزلا كېتىپ قاپتۇ.
موماي ئۆز كۆڭلىدە ئۆيگە كىرسەم «باياتتىن بـې-
رى نەگە يوقالدىڭ؟» دەپ كايىيدۇ، شۇنـىڭ بىلـەن
كالا بېقىشتىن قۇتۇلارمەن دەپ ئويلاپ ئۆيگە كىـر-
سە، بىر سىياقى تۇزلۇق قاپاققا ئوخشاش، بىر سـ-
ياقى مايمۇنغا ئوخشاش بىر ئـادەم ئولتۇرغـۇدەك.
موماي داڭ قېتىپ قېلىپ، بىردەمدىن كېيىن:
— كىم سەن؟— دەپ ۋارقىراپتۇ. بوۋاي چـ-
رايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
— ھەببەللى، ئەمدى كالىنى بېقىش سىنىڭ ۋەزد-
پەڭ جۇمۇ؟— دەپتۇ. موماي ئىلاجسىز، دەردىنى ئـ-
چىگە يۇتقان ھالدا كالىغا يەم بېرىشنى ئۈستىگە ئاپتۇ.



# ئۈچ ئەخمەقنىڭ جاۋابى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسدا بىر ئەخمەقلەر دۆلىتى بولغانىكەن. بۇ دۆلەتتە كىم ئەڭ ئەخمەق بولسا شۇنى پادىشاھ قىلىپ سايلايدىغان قانۇن بار ئىكەن.

ئەخمەقلەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى قېرىپ قالغانلىقتىن پۇقرالار ئىچىدىن ئەڭ ئەخمەق بىر ئادەمنى تاللاپ ئورنىغا پادىشاھ قىلماقچى بولۇپ پەرمان چىقىرىپتۇ.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئەخمەقلەر ئوردىغا كېلىپ تەلىپىنى سىناپ بېقىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقى قېرى پادىشاھقا ياربماي ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۈچ ئادەم ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ.

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىز ئەخمەقلەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.



پادىشاھ ئۈلارنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئەخمەق ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۇ-چۈن سوئال سوراپتۇ:

— ئوردىغا سۇ كىرىپ كەتسە سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟

— بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش، پۇتكۇل مەملىكەتتىكى چېلەك، قاپاقلارنى يىغىپ سۇنى ئۇسۇپ ئېلىپ چىقىرىۋېتىمىز، — دەپتۇ بىرىنچى ئەخمەق.

— بۇنىڭغا جىق ئىش كېتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئوردىنىڭ ئىشىكلىرىنى چىڭ تاقاپ، ئوردىغا كىرگەن سۇنى چىقىرىۋەتمەي كۆندە - كۆندە ئىچىپ تۈگىتىمىز، — دەپتۇ ئىك-كىنچى ئەخمەق. پادىشاھ ئۈچىنچى ئەخمەققە قاراپتۇ. ئۈچىنچى ئەخمەق ئىككى ئەخمەقنىڭ جاۋابىغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا:

— ئوردىغا كىرگەن سۇنىڭ تېگىدىن ئوت قالاپ قايىنتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ تۈگ-تىۋېتىمىز، — دەپتۇ.

— ياخشى، — دەپتۇ پادىشاھ خۇشال بولۇپ، — سەن دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەخمەق ئىكەنسەن. پادىشاھلىقىمنى ساڭا بەردىم.

شۇنىڭ بىلەن ئەخمەقلەر دۆلىتىدە يېڭى پادىشاھ سايلانغانلىقى جاكارلىنىپتۇ.

ئۈچىنچى ئەخمەق، بىرىنچى، ئىككىنچى ئەخمەقنى ئوڭ قول، سول قول ۋەزىر قىپتۇ ۋە دۆلەتتە ئەخمەقانە ئىشلارنى قىلىپ ئەل - يۇرتنى ساراڭ قىلىۋېتىپتۇ.

## ھەسەل

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. مەن بىلمەن، ئاتام تۇغۇلمىغان چاغدا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىگىلىكى ئانچە بولمىسىمۇ، ئۆزىگە بایاشات يېتە-رىكەن. بىراق بۇ دېھقاننىڭ بالىسى يوق بولۇپ، پەرزەنت يۈزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدى-كەن. بەختكە يارىشا دېھقاننىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇل چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ، دېھقان ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىپتۇ. ئوغلى ھەسەلگە ئامراق ئىكەن، بۇگۈنى بىر تا-ۋاق ھەسەل يېسە، ئەتىسى بىر يېرىم تاۋاق ھەسەل يەيدىغان بوپتۇ. چوڭ بولغانسېرى قارنىمۇ چوڭىيىۋېرىپتۇ. ئوغلىنىڭ يېگەن ھەسىلى ئۈچۈن دېھقاننىڭ ۋەسلى تۈگەپتۇ، بارا - بارا دېھقاننىڭ ھەسەلگە پۇلى قالماپتۇ. ئوغلى ھەسەل يېمەي بىردەممۇ چىدىمايدىكەن.

— ھەسەل بەر، دادا!— دەپتۇ بالا بىر كۈنى. دېھقان ئوغلىغا چۈشەندۈرۈشكە

باشلاپتۇ:

ــ جېنىم بالام، ئەمدى سەككىزگە كىردىڭ. كۆندە بەش تاۋاق ھەسەل يېسەڭ بىزنى قۇرۇتسەن، ھېلىمۇ ھېچنېمە قالمدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەلنىڭ باھاسىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. داداڭنى ئايا، ئەمدى ئاز ۋاقىت ھەسەل يېيىشنى قويساڭ، ئاناڭ بىچارە ئۈچ كۆندىن بېرى ئاچ ياتىدۇ. ئانچە ـ مۇنچە تىرىكچىلىك قىلىپ بىرنېمە تېپىۋالاي. مېنى قىستاۋەرمە، جېنىم بالام!ــدەپ يېلىنىپتۇ.

ــ ماڭا ھەسەل بېرىسەن!ــدەپتۇ ئوغلى خەقشىلىك قىلىپ.

دېھقان ھېچ ئامال قىلالماي قاپتۇ. كېيىن «توختا، ــ دەپ ئويلاشقا باشلاپتۇ، ــ بۇ بالىغا مەن نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالمىدىم، دانىشمەنلەرنىڭ گېپى خاسىيەتلىك بولىدىغان، شۇلار بىر نەسىھەت قىلىپ قويسۇنمىكىن...»

شۇنىڭ بىلەن دېھقان بىر دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەردىنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ.

ــ سىلىمۇ ھەسەل يەمدىلا؟ــ دەپ سوراپتۇ دانىشمەن ھېلىقى دېھقاندىن.

ــ ئوغلۇمنىڭ ھەسىلىدىن كىچىككىنە يەيتتىم.

ــ ئانىسىچۇ؟ــ

ــ يەيتتى.

دانىشمەن ئۇزاق خىيال قىلغاندىن كېيىن:

ــ سىلى خاپا بولمىسىلا، مەن ئون كۆندىن كېيىن باراي، شۇ كۆننى كۆتسىلە!ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دانىشمەن. دېھقان ھەسرەت چېكىپ:

ــ بۈگۈن بارمىسىلا مەن قانداق قىلىمەن؟ــ دەپ يىغلاپتۇ.

دانىشمەن دېھقاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

ــ بولمايدۇ، بۈگۈن بارسام بەربىر پايدىسىز، ئون كۆنگىچە چىدىسىلا، ــ دەپتۇ.



دېھقان قايغۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ خاپا ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئون كۆنگىچىلىك دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۆت بۇلۇڭ بىر كۇلۇڭدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماپتۇ، ئون كۆن ئون يىلدەك ئۇزاقتا توشۇپتۇ. دانىشمەن كەپتۇ، ئۆي ھالىغا نەزەر سېلىپ دېھقانغا ئىچى ئاغرىپتۇ. دېھقان بىلەن پاراڭلىشىپتۇ ۋە كېيىن كېتىدىغان چېغىدا:

— قېنى، ئوغلۇم، بېرى كەلگىنە!— دەپ دېھقاننىڭ ئوغلىنى قىچقىرىپتۇ، — بۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل يېمە جۇمۇ، بالام!—دەپ بالىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دانىشمەن يېزىغا بارغاچ دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، ئۆيدە دېھقان بىلەن خوتۇن خۇشال - خۇرام ئولتۇرغۇدەك. ئۆيئىچى خېلى سەرەمجانلىشىپ، لازىمەتلىكلەر تولۇق تۇرغۇدەك.

— ئوغلىڭىز ھەسەل يەمدۇ؟— دەپ سوراپتۇ دانىشمەن.

— ياق!— دەپتۇ دېھقان مىننەتدارلىق بىلەن. دانىشمەن قايتماقچى بالغاندا دېھقان پۇل تەڭلەپتۇ، دانىشمەن ئالماپتۇ. دېھقان بىر سوئال سوراپتۇ:

— ئەمسە مەن سىلىدىن بىر نېمىنى سورىۋالاي، مەن سىلىنى چاقىرغان ۋاقتىمدا نېمە ئۈچۈن ئون كۈندىن كېيىن باراي دېدىلە؟ مەن شۇ ئون كۈن ئىچىدە ئون يىللىق ئەلەمنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، ئون جېنىمنىڭ بىرى قالدى، — دەپتۇ دېھقان.

دانىشمەن كۈلۈمسىرەپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇكا! مەن ئىلگىرى ھەسەل يەيتتىم، شۇ ئون كۈن ئىچىدە ھەسەل يېيىشنى تاشلىدىم، ئاندىن سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېلىپ ئوغلۇڭغا نەسىھەت قىلدىم، شۇڭا ئۇ ھەسەل يېيىشنى تاشلىدى. ئەگەر ئۆزۈم ھەسەل يەپ تۇرۇپ، ئوغلۇڭغا نەسىھەت قىلسام، ئوغلۇڭ ھەسەل يېيىشنى تاشلىمايتتى، — دەپتۇ.



# بـىلـەرمـەنـلـەر

بۇرۇن بۇرۇنىكەن، توخۇ تۇرنىكـەن، ھۆپۈپ كامـاردىكەن، ھۇرۇنـلار تامادىكـەن. شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ـ بىرىدىن «بىلەرمەن» بىر جۈپ ئەر ـ خـوتۇن بولغا- نىكەن. خوتۇن ئېرىگە بىر مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەيلا «بـى- لىمەن» دەپ تۇرىدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگـىمەيلا «بـىلـىمـەن» دەپ تۇرىـدىكەن. ئۇلار بـىلەرمەنـلىكنـى ئۆيىدىـلا ئەمەس، ئەل ـ يۇرت ئىچىـدىمۇ قـىلىشقـا باشلاپتۇ. كىشىلەر بىرنەرسە دېسىلا، ئۇلار «بىلىمەن» دەپ تۇرىدىكەن. باشقىلار ئۇلاردىن زېرىكىپ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا، ھېلىقى بىلەرمەن كېلىپ قېلىپ:

ـــ بىلىمەن، سىلەر قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇسىلەر، ـــ دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپـى- ۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى بىلەرمەن بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ مال كۆرۈپتۇ. بىر بـو- ۋاي ئۆز لايىقىدا خېرىدار چىقسا، ساتارمەن، دەپ بىر چاپاننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ چاپان بوۋايغا تۆتىنچى بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بۇ چاپاننىڭ خىسلىتى «ئۇچ چاپىنـىم» دېسە، ئـۇ- چىدىكەن، «چۈش، چاپىنىم» دېسە، چۈشىدىكەن. بىلەرمەن ئۇ بوۋاينى چاقىرىپ سوراپتۇ:



ـــ بۇ چاپاننى ساتامسەن؟

ـــ ساتىمەن، تەقسىر!

ـــ ساتىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، باھا- سى قانچە؟ـــ دەپتۇ قـولىغا ئـېلىپ كـۆ- رۈپ، كۆڭلىگە ياققاندىن كېيىن.

ـــ بىكارغا بېرىشنـىڭ ئورنى يـوق، تەقسىر، ئون تەڭگە بەرسىلە!

ـــ پاھـ پاھ! سېنىڭ شۇنداق باھا قويى- دىغانلىقىڭنى بىلىمەن. بازار دېگەندە ئوشۇق گەپ بولۇپ تۇرىدۇ. تۆت تەڭگە بېرەي.

بوۋاي توققۇز تەڭگـگـە چۈشۈپتـۇ، بىلەرمەن بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ، ئەتراپ-



تىكىلەر يەتتە تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويىدىغانلىقىڭلارنى بىلمەن، ئۇنداق بولسا قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. بەش يېرىم تەڭگە بولامدۇ؟

بىلەرمەن تۆمۈردەك قاتتىقلىق قىلىپ، ئالتە تەڭگىگە ئاپتۇ. پۇلنى ساناپ بېرىۋېتىپ، بوۋايغا:

— سېنىڭ ئالتە تەڭگىنى كۆزلەپ تۇرغىنىڭنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— تەقسىر، بۇ چاپىنىمنىڭ بىر خىسلىتى بار، — دېيىشىگە بىلەرمەن گەپنى كېسىپ:

— بىلىمەن، چاپان دېگەننىڭ نېمە خىسلىتى بولىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي يەنە:

— ياق، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، بۇ چاپىنىمنى كىيىپ، «ئۇچ چاپىنىم» دېسە ئۇچىدۇ. چۈشىدىغان چاغدا... — بوۋاي سۆزىنى تۈگەتكىچە بىلەرمەن يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

— بىلىمەن، ھە، بىلىمەن! ئالتە تەڭگىلىك چاپان، ئەلۋەتتە، ئۇچىدۇ-دە، — دەپ، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا چاپاننى قولتۇقلاپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

ئۆيىگە كېلىپ:

— ھەي خوتۇن، ھەي بالىلارنىڭ ئانىسى، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم... — دەپتۇ.

— ھە، نېمە دەيدىلا! بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئېلىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلگەن مەن، — دەپتۇ خوتۇنى.

— توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ، ئاسمانغا چىقىپ، پۈتكۈل دۇنيانى كۆرۈپ كېلىمىز تېخى.

— ۋيەي، تازىمۇ ئوبدان چاپانكەنغۇ! مەن بۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بۇ-

رۇنلا بىلمەن. قېنى، كىيىپ باقسىلا!

بىلەرمەن چاپاننى كىيىپ، «ئۇچ چاپىنىم!» دەپتىكەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. خوتۇن تۆۋەندە تۇرۇپ:

— ھوي دادىسى، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، — دەپتۇ.

— ھەي، ئەخمەق، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن!— دەپ ئۆرلەپ كېتىۋېرىپتۇ. دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە بىلەرمەننىڭ بېشى قېيىپ، چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. «چۈش، چاپىنىم!» دېسە، چۈشمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، بۇنداق قىلىپ زادى چۈشۈرەلمەپتۇ. ئاخىر بولالمىغاندىن كېيىن، تۆۋەنگە قاراپ:

— ۋاي خوتۇن، مېنى تۇتۇۋال، مېنى تۇتۇۋال، — دەپ يىغلاپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئۆزىگە: «بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەيسەن» دەپ ئېرىگە قاراپ، دۆڭمۇدۆڭ، تاغمۇتاغ، باغمۇباغ يۈگۈرۈپتۇ. ئېرى بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، خوتۇنى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تاغقا چىقىۋاتقاندا، پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ، دومىلاپ تاشتىن - تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ يوقاپتۇ، خوتۇنىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ.

«ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەپتۇ» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## باغۋەن بىلەن غوجايىن

بىر باغۋەن بۇ شەھەردىكى غوجايىننى ئۈزۈم شىرنىسىدە ئەتكەن ھالۋا بىلەن مېھمان قىپتۇ. غوجايىن:

— ئۆيۈڭدە يېيىشىم. بۇ شىرنىگە خوتۇنۇڭ ھەسەل، ناۋات، شېكەر ئارىلاشتۇرغان ئوخشىمامدۇ؟— دەپتۇ. باغۋەن:

— مەن خوتۇنۇمنىڭ ھالۋا ئەتكۈچە جاپا تارتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر يىلى ئەتىيازدا ھەر تۈپ تالنىڭ تۈۋىگە ئون كىلوگىرام ھەسەل، ئون كىلوگىرام ناۋات، ئون كىلوگىرام شېكەر قۇيۇپ ئەي قىلىمەن. شۇنداق تۇرۇپ تاتلىق بولمىسا بولماس، — دەپتۇ. غوجايىن:

— ئۇنداقتا ئۈزۈملىرىڭنى ھەرىلەر يەپ مەشرەپ ئوينايدىكەن - دە؟ — دەپتۇ. باغۋەن:

— يەن - تېخنىكا ئورنى بىلەن ھەرىلەرنى يوقىتىدىغان ئېلېكترونلۇق زەمبىرەك،

قتئەلەر ئارا ئۇچىرىغان باشقۇرىدىغان بومبا ئىشلەپ بېرىش توغرىسىدا توختام تۈزگەنـ-
دىم، ئۇ قوراللارنى تال جازىلىرىغا بېكىتىۋەتتىم. ھەرىدىن ئۇنى كەلسە ئۇنىنى، مىڭى
كەلسە مىڭنى دەل ۋاقتىدا بىرنى زايە قىلماي قىرىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ. غوجايىن:
— قاپاق تېرەكتەك يوغناپ كەتكەن تاللىرىڭنى قىش پەسلىدە كۆمۈشۈڭ تەسكە
توختايدىكەن-دە؟— دەپتۇ. باغۋەن:
— تالنى كۆمۈش ھاجەتسىز، قىش پەسلىدە تاللىرىمنى بەش مىڭ مېتىر قارا شىفىلىڭ
دۇخاۋا بىلەن يۆگىۋېتىمەن، ئىش تامام، ۋەسسالام، — دەپتۇ.
گەپتە يېڭىلىپ قالغان غوجايىن نەچچە كۈندىن كېيىن باغۋەننى ئۆز ئۆيىدە پو ئارقى-
لىق بابلاش مەقسىتىدە مېھمانغا چىللاپتۇ.
غوجايىننىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىنى كۆرگەن باغۋەن:
— ھەي.. ھەي، ئۈچ قەۋەتلىك بۇ ئۆيىنى يەردىن ئۈنۈپ چىققان بامبۇكتەك شۇنچە
تېز، شۇنچە ھەشەمەتلىك سېلىۋاپسەن، — دەپتۇ. غوجايىن:
— جاھان زامانىۋىلىشىپ سەتەڭلىشىپ كەتتى، ماسلاشمىساق بولماس، — دەپتۇ غو-
جايىن. باغۋەن:
— خام ئەشيا ئەسلىھەلىرىگە خام خىش ئىشلەتكەنسەن؟— دەپتۇ. غوجايىن:
— خىش ئورنىغا ئوتتۇز تونىنا تاختىلىق قارا چاي، لاي ئورنىغا توققۇز تونىنا ھەسەل



ئىشلىتىپ، چاپلاپ - چاپلاپ بىر كۆندىلا پۈتكۈزۈۋەتتىم، ــ دەپتۇ. باغۋەن:

ــ گەجخارلىقىنچۇ؟ــ دەپتۇ. غوجايىن:

ــ ناھايىتى كەلسە، توقسان مىڭ دانە تۇخۇمنىڭ ئىقىدا ئاقارتىپ، شاكىلىدا نەققاشلىۋەتتىم، ــ دەپتۇ. باغۋەن:

ــ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىزا، پاسپورت رەسمىيىتى بېجىرمەيلا ئايغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىپتۇ. يېقىندا ئالەم ئايروپىلانىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئايغا چىقىپ تىجارەت قىلغىنىمدا، ئۈزۈم ئامبىرى، كالا فېرمىسى ئۈچۈن قوتان، سامانلىق سېلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتاتتىم، سىنىڭ بۇ ئۆي سېلىش تەجرىبەڭدىن پايدىلانسام بولغۇدەك، ــ دەپتۇ.

## سوئال

ئۆتكەن زاماندا سۇللۇغ دېگەن شەھەردە كاتتا بىر سودىگەر بولغانىكەن. ئۇ مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنى بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ دۇنيادىكى بارلىق مەملىكەتلەردە كارۋان سارايلىرى، سارايلاردا قۇل - دېدەكلىرى بار ئىكەن. سودىگەرنىڭ ھەممە بايلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر بايلىقى بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ ئوغلى ئابدۇنەبى ئىكەن.

ئابدۇنەبى شۇنداق بىر ئىنسان ئىكەنكى، دۇنيادىكى بىلىم - ھۈنەرنىڭ ھەممىسىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئابدۇنەبى چوڭ بولۇپ دادىسىغا ياردەملىشىپ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە سەپەر قىلىش ئىستىكى چۈشۈپتۇ. ئۇ دادىسىغا:

ــ ئەي مېھرىبان دادا، نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئۆز يۇرتۇمدىن چىقماي سودا قىلدىم. سىزنىڭ بارىڭىزدا كۆزۈمنى پۇشۇرۇپ ئەقلىمنى ئاشۇراي دەيمەن. رۇخسەت قىلسىڭىز، باشقا مەملىكەتلەرگە بېرىپ سودا - سېتىق قىلىپ كېلەي، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سودىگەر بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ ياخشى ئويلاپسەن، قېنى قايسى مەملىكەتكە باراي دەيسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ چىن ماچىنغا بارايمىكىن دەيمەن، ــ دەپتۇ ئوغلى.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇنەبى چىن ماچىنغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ ماڭغىنى تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەس بولماستىن، بەلكى ساپلا كىتاب ئىكەن.

ئەمدى گەپنى چىن ئىلىدىن ئاڭلايلى:

چىن مەملىكىتىدە مەھمۇد شاھ دەپ ئاتىلىدىغان بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ پادى-
شاھنىڭ مەلىكە مېھرىئاي ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن، بۇ قىزمۇ سودىگەر ئابدۇنەبىگە
ئوخشاش بىلىملىك قىز ئىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشى-
دە بىر تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇدەكمىش. ئەتراپىدا ھەر خىل گۈل ـ گىياھلار بار ئىمىش.
ئۇ گۈللەردىن بىر دەستە گۈل تىزىپ پۇراي، دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ھاۋادىن بىر قۇش
ئۇچۇپ كېلىپ قىزنى قاماللاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكچى بولغاندا، گۈللەر ئارىسىدىن بىر
يىگىت چىقىپ قىزنى قۇشنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇدەكمىش ۋە قىزغا قاراپ:

— ئەي مەلىكەم، ئەگەر ياتلىق بولۇشنى خالىسىڭىز، سىزگە جۈپ بولۇشنى خالىغان
كىشىدىن 36 سوئال سوراڭ. سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەر-
مەستىن بىلىم ئېلىشقا دالالەت قىلىپ يولغا سالغايسىز، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مە-
لىكە چۆچۈپ ئويغانسا كۆرگىنى چۈش ئىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا مەملىكەتلەردىن نۇرغۇن شاھزادىلەر مەلىكە مېھ-
رىئاينىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ئۇ شاھزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرى مەلىكى-
نىڭ 36 سوئالى تۈگۈل تۆت سوئالىغىمۇ جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ئەسلى ئىش مۇنداق بولغا-
نىكەن: مەلىكە ھېلىقى چۈشىدىن كېيىن قانداق ئەلچى كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن
ئۇ كىشىنى كۆزدىن كەچۈرىدىكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت، چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى يىگىتنى
ئوڭدا كۆرۈۋېلىش ئىكەن، چۈنكى مەلىكە مېھرىئاي ئۇ يىگىتنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ، ھېچ
ماجالى قىلمىغانىكەن. شۇڭا شۇ يىگىت كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ھەرقانداق ئەل-
چىنى ئۆز كۆزىدىن كەچۈرۈپ ئاندىن سوئال سورايدىكەن.

ھەپتە ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە، مەلىكە ئۆز ھۇجرىسىدا
ئولتۇرسا، بىر كېپىنەك كىرىپ كەپتۇ ھەم بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ مەلىكىگە قاراپ:

— ئەي مەلىكەم، سۇللۇغ شەھرىدىن بىر سودىگەر كەپتۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن مال-
لىرى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ساپلا كىتاب ئىكەن. سىز چۈشىڭىزدە كۆرگەن يىگىت
شۇ بولمىسۇن يەنە، — دەپتۇ.

سودىگەر ئابدۇنەبىمۇ مەلىكىنىڭ داڭقىنى يول بويى ئاڭلاپ، مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق
بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا كۆڭلىدە مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئەمرى-
گە ئېلىشنى ئويلاپ كەلگەنىكەن.

سودىگەر ئابدۇنەبى مەلىكىنىڭ شەھرىگە كەلگەن ھامان مەھمۇد شاھنىڭ ئوردىسىغا
كىرىپ مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە جاۋاب بېرىشكە تەييار-
لىنىپتۇ. مەلىكە ئابدۇنەبىنىڭ بوي ـ تۇرقىغا، چىراي شەكلىگە قاراپ، چۈشىدە ئۆزىنى

قۇشنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغان يىگىتنىڭ دەل شۇ ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ـ دە:

ــ ئەي سودىگەر، مەن سەندىن 36 سوئال سورايمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلىسەڭ پۇ-تۇن تويى چىقىمىنى ئۆزۈم تارتىپ، مەملىكىتىمگە 40 كېچە ـ كۈندۈز تويى ـ تاماشا قى-لىپ بېرىپ، ئەمرىڭگە ئۆتىمەن. جاۋاب بېرەلمىسەڭ ماللىرىڭنى نىسەنگە ئېلىپ ئۆزۈڭنى زىندانغا تاشلايمەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ــ دەپتۇ.

ــ خوپ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن، مەن رازى، قېنى سوئالىڭىزنى باشلاڭ، قۇلىقىم سىزدە، ــ دەپتۇ يىگىت.

مەلىكە سوئالنى باشلاپتۇ:

ــ پادىشاھ نېمە بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ؟

ــ خەلقپەرۋەرلىك بىلەن.

ــ پادىشاھ قانداق ئىشتا زاۋال تاپىدۇ؟

ــ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن.

ــ قانداق كىشى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ؟

ــ بىلىملىك كىشى.

ــ قايسى ئىش پۇقرالىرىنى پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈتىدۇ؟

ــ تەسلىمچىلىك.

ــ قانداق كىشى جېنى چىقماي تۇرۇپ ئۆلىدۇ؟

ــ يالغانچى.

ــ قانداق ئادەم ئاسان قېرىيدۇ؟

ــ خوتۇنى ئۇرۇشقاق ئەر، ئېرى يالغانچى خوتۇن.

ــ قانداق ئىش ئادەمنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرىدۇ؟

ــ ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش.

ــ قايسى ئىش ئادەمنى كىشىلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ؟

ــ چېقىمچىلىق.

ــ قانداق قىلغاندا سودىگەر روناق تاپىدۇ؟

ــ باھادا ئادىل بولغاندا.

ــ قانداق ئىش سودىنىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرىدۇ؟

ــ هارام سودا.

ــ قانداق ئادەم ھەقىقىي بولىدۇ؟

ــ ئۆز ئېلىگە سادىق ئادەم.

ــ قانداق كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ؟



— دوستىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلايدىغان كىشى.
— ئىنساننىڭ پەزىلىتى نېمە بىلەن ئۆلچە-
ندۇ؟
— ئەخلاق بىلەن.
— ئادەمنىڭ قىممىتى نېمىدە؟
— بىلىمدە.
— قايسى ئىشنىڭ چېكى يوق؟
— ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ.
— دۇنيانى نېمە قىرىتىدۇ؟
— پىتنە - ئىغۋا.
— ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قايغۇ-
لۇق كۈن قايسى؟
— ئۆزى ياخشى



كۆرگەن نەرسىدىن ئايرىلغان كۈن.
— ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس ئىش قايسى؟
— ئىپپەت - نومۇسنى ساقلاش.
— ئاياللارنى نېمە چاكىنىلاشتۇرىدۇ؟
— ھەددىدىن ئارتۇق شاللاقلىق.
— قىز - يىگىتلەرنىڭ خۇشاللىق كۈنى قايسى؟
— توي قىلىپ ۋىسال شەربىتىنى ئىچكەن كېچە.
— قانداق ئىش ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ؟
— ئاچ كۆزلۈك.
— قانداق تاماق ئەڭ لەززەتلىك؟
— ئۆزى ئەجىر سىڭدۈرۈپ يىگەن تاماق.
— ئادەم نېمە بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ؟
— يېڭىلىق يارىتىش بىلەن.

— ئادەمنى نېمە زەئىپلەشتۈرىدۇ؟
— خۇراپىيلىق.
— قانداق كىشى ئەڭ ئېسىل كىشىلەردۇر؟
— ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان كىشىلەر.
مەلىكە سوئال سوراپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلىدە سودىگەر ئابدۇنەبىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن مۇھەببەت توغرىسىدا سوئال سوراپتۇ:
— ئادەمنىڭ ياششى نېمە بىلەن؟
— مۇھەببەت بىلەن.
— مۇھەببەت دېگەن نېمە؟
— چىن دىلىدىن ياخشى كۆرمەك.
— مۇھەببەتنىڭ ئاچقۇچى نېمە؟
— ۋاپا.
— قانداق مۇھەببەت ئەڭ ساپ بولىدۇ؟
— بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن مۇھەببەت.
— قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى نېمە ئاجىزلاشتۇرىدۇ؟
— ئېغىر تويلۇق.
— ئائىلە قانداق بولغاندا روناق تاپىدۇ؟
— ئەر - ئايال ئىناق بولغاندا.
مەلىكە مېھرىئاي ئابدۇنەبىدىن سورايدىغان سوئال تاپالماي قاپتۇ. بۇنى سەزگەن ۋەزىرلەردىن بىرى مەلىكىگە ئىشارەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىر قانچە سوئال سورايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. بۇنى بىلگەن مەلىكە مېھرىئاي ئابدۇنەبىگە قاراپ:
— ئەي سودىگەر، ھازىرغىچە سورىغان سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاب بەردىڭىز، قالغان سوئالنى ۋەزىرلەر سورايدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ.
— بولىدۇ، — دەپتۇ ئابدۇنەبى تەمكىنلىك بىلەن.
ھېلىقى ۋەزىر سوئالنى باشلاپتۇ:
— مەملىكەتنى نېمە خارابلاشتۇرىدۇ؟
— بىھۇدە ئۇرۇش قىلىش.
— قانداق ئۇرۇش ئاسان مەغلۇپ بولىدۇ؟
— ناھەق قان تۆكىدىغان ئۇرۇش.
— قانداق نەرسە ئادەمنى ئاسان خورىتىدۇ؟
— ئادەمنى ئاسان خورىتىدىغان تۆت نەرسە بار:

قىمار.
شاراب.
ئوغرىلىق.
يالغانچىلىق.
— پادىشاھلار قانداق قىلغاندا ئادىل پادىشاھ بولالايدۇ؟
— پادىشاھنىڭ قازىسى ئادىل بولغاندا.
— دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى نېمە؟
— ھەقىقەت.

شۇنىڭ بىلەن سوئال - جاۋاب تۈگەپتۇ. پادىشاھ مەھمۇد بولغۇسى كۈيئو ئوغلىنىڭ بىلىمگە قايىل بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. سودىگەر ئابدۇنەبى مەلىكە مېھرىئاي بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

## ھەقىقىي بايلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى بولغانىكەن. ئۇنىڭغا نۇرغۇن شەھەرلەردىن ئەلچىلەر كەپتۇ، لېكىن قىز ئۇنىماپتۇ. قىزنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلەلمىگەن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ قانداق شەرتلىرى بارلىقىنى سوراپتۇ.

— شەرتىم بىرلا، — دەپتۇ قىز، — كىمكى ماڭا بىرلا ۋاقىتتا ھەم باي، ھەم نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مېنى قايىل قىلالىسا، مەن شۇنىڭغا رازىلىق بېرىمەن.

پادىشاھ بارلىق يۇقىرىلارغا مۇشۇ شەرت بويىچە ئېلان چىقىرىپتۇ.

بەلگىلەنگەن كۈنى كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئوردىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىپتۇ. قىز تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپتۇ.

— يىگىتلەر، مەيدانغا چۈشۈڭلار! قېنى، كىم بىرلا ۋاقىتتا ھەم باي، ھەم نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلىسە، قىزىم شۇنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

يىغىلغانلارنىڭ كۆپى گەپ قىلالماي، بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ. ئاخىرى بىر شاھزادە ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ.

— مانا مەن كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ ئۇ ماختىنىپ، — مەن بىر شاھزادە، مەندىكى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھېسابى يوق. دېمەك، ھازىر مەن ناھايىتى باي. ئەمدى مەن مۇشۇ



پۈتۈن بايلىقمنى سىزنىڭ توپىڭىز ئۈچۈن سەرپ قىلسام، مەن نامرات بولمەن. قانداق، قايىل بولدىڭىزمۇ؟

مەلىكە شاھزادىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ، «مۇمكىن ئەمەس» دەپ بېشىنى چايقاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چۈشۈپتۇ. بىراق، بەزىلەر بايلىقىنى كۆرسەتسە، نامراتلىقىنى كۆرسىتەلمەپتۇ. بەزىلەر نامراتلىقىنى كۆرسەتسە، بايلىقىنى كۆرسىتەلمەپتۇ. ئاخىر ئاددىيلا كىيىنگەن، مۈرىسىدە خۇرجۇنى بار بىر يىگىت:

ــ مانا مەن كۆرسىتىمەن، ــ دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ ۋە خۇرجۇنىنى يەرگە قويۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ، ــ مەن بىر نامرات، ئىشەنمىسىڭىز سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ. مەندە يا ئالتۇن، يا كۈمۈش، يا قولغا چىققۇدەك مال ـ مۈلۈك يوق، تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ. لېكىن مەن ھەممە كىشىدىن باي!

ــ ھېچنېمەڭ بولمىسا، قانداق باي بولىسەن؟ــ دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

ــ ئالدىرىماڭ، پادىشاھى ئالەم، ــ يىگىت تەمكىنلىك بىلەن خۇرجۇنىدىن ھەر خىل سايمانلارنى چىقىرىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىپتۇ، ــ مۇنۇ ئۇستىرا، ساتىراشلىقنى بىلىمەن. ئىشەنمىسىڭىز، قېنى، كېلىڭ چاچ ـ ساقاللىرىڭىزنى ياساپ قوياي. مۇنۇ پىچاق ــ ئاشپەزلىكنى بىلىمەن. ھەرقانداق تاماقنى بۇيرۇسىڭىز ھازىرلا تەييارلاپ بېرىمەن. مۇنۇ ھەرە بىلەن رەندە ـ ياغاچچىلىقنى بىلىمەن. بۇزۇلغان ئىشىك ـ دېرىزىلەر بولسا كۆرسە-

تلك، هازىرلا ياسىۋېتىمەن... مۇنۇ دۇۋەت ـ قەلەم خەتتاتلىقىنى بىلىمەن. كىتابلىرىڭىز بولسا، ئېلىپ كېلىڭ، يېزىقنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بىلەن چىرايلىق كۆچۈرۈپ بېرىمەن. بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى مەندىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق. مەن مۇشۇ ھۈنەرلىرىم بىلەن مەيلى نەگە بارماي ئاچ قالمايمەن. گۈلدەك ھايات كەچۈرىمەن.

ــ دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، ــ دەپ مەمنۇن بوپتۇ مەلىكە، ــ ھەقىقىي بايلىق، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا ئەمەس، ھۈنەر، بىلىم. سىز ــ باي. سىزگە قايىل بولدۇم!

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ گۈزەل قىزى ئاشۇ ھۈنەرۋەن، بىلىملىك يىگىتكە ياتلىق بولغانىكەن.

## بەش گاس

بۇرۇنقى زاماندا بىر سوپى ئۆتكەنىكەن، ئۆزىمۇ، خوتۇنىمۇ گاس ئىكەن. ئۆمرىدە بىرلا قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ، قىزىمۇ گاس تۇغۇلۇپتۇ. يىللار ئۆتۈپ، قىزىمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە مەقسەتلىرىنى ناھايىتى تەستە بىلدۈرۈشىدىكەن. سوپىنىڭ يىگىرمە تۇياق قوي ـ ئۆچكىسى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى شۇلارنى بېقىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. سوپىنىڭ خوتۇنى بولسا ئۆينىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىدىكەن. قىزى ئولتۇرسا ـ قوپسا ئەرگە تېگىشنىڭ غېمىدە ئىكەن.

بىر كۈنى سوپى ئادىتى بويىچە، ناماز بامداتقا مېڭىشتىن ئىلگىرى قويلارنى قوتاندىن چىقىرىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى يايلاققا ھەيدەپ قويۇپ، ناماز ئوقۇشقا كېتىپتۇ، نامازدىن كېلىپ قارىسا، قويلار كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ خېلى بىر يەرگىچە بېرىپ ئىزدەپمۇ قويلارنى تاپالماپتۇ، ئاخىر ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىدىن:

ــ قويلارنى ئوتلىسۇن دەپ يايلاققا قويۇۋەتكەنىدىم، يوق تۇرىدۇ، سىلەر كۆردۇڭلارمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئېرىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان خوتۇنى قىزىغا قاراپ:

ــ قوپ، قىزىم، چاققان بولغىن، داداڭنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئىتتىكرەك ئاش ئېتەيلى، ــ دەپتۇ. ئانىسىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان قىزى:

ــ مەن سىلەرگە ئەرگە تېگىمەن دېدىممۇ؟! ئەرگە تەگمەيمەن، بولدىمۇ؟!ــ دەپتۇ. خوتۇندىن جاۋاب ئالالمىغان سوپىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ:

ــ قويلارنى كۆردۈڭلارمۇ دەيمەن؟!ــ دەپتۇ. ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن خوتۇنى

قىزىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— قوپ دېدىم، قوپ! داداڭنىڭ قورسقى ئېچىپ ئۆلگۈدەك بولغان ئوخشايدۇ.

قىزى ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— تېخى كۈن ئەنە، تاماق يېگىلى نېمانچە ئالدىرايلا؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

ئېرى بولسا خوتۇنىنىڭ قول ئىشارىتىدىن «قوي شۇ تەرەپكە كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ:

— سەن قوينىڭ شۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا تۇسمىدىڭ؟! — دەپ بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شاپىلاق يېگەن خوتۇنى:

— سەن مېنى تاياققا قويدۇڭ، زادى تاماققا ياردەملىشەمسەن - يوق؟! — دەپ قىزىغا كايىپتۇ.

ئانىسىنىڭ تەنبىھگە چىدىمىغان قىزى:

— كىمگە بەرسىڭىز شۇنىڭغا تېگىمەن ھى، ھى، قېنى، مېنى ئالىدىغان يىگىتنى كۆرسەتمەمسىز؟! — دەپ، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان ئانا - بالا يىغلىشىپ، قىرقىراپ ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى سوپىدىن ئاڭلايلى:

سوپى ئەتىگەندىن چۈشكىچە قويلارنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئۇ ئىزدە -





ئىزدە ئۆز يېزىسىدىن باشقا بىر يېزىغا بېرىپ قاپتۇ. سوپى كېلە-ۋاتسا، يولدا بىر كىشى ھارۋا ياساپ تۇرغانىكەن. سوپى، قويلارنى مۇشۇ كىشى كۆرگەن بولمىسۇن، دەپ سوراپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، بۇ ئەت-راپقا بىر توپ قوي كېلىپ قالغى-نىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ھارۋا ياساۋاتقان كىشى سو-دىگەر بولۇپ، ئۇمۇ گاس ئىكەن.

— مەن تۆۋەنكى مەھەللىدىن كېلىشىمدە ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئۇ قولىنى تۆۋەن مەھەللە تەرەپكە چېنەپ. سوپى قول ھەرىكىتى بىلەن:

— ئۇ يەرگە باردىم، يوق، بۇ تەرەپكە باردىم، يوق. مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىمى-كىن، دەپ سىلىدىن سوراۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ھەئە، ھېچ گەپ يوق، بۇنداق ھارۋىدىن نەچچىنى ياسىغانمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئەگەر قويلىرىم كەتكەن جاينى كۆرسىتىپ بەرسەڭلار، بىر ئوغلىقىم بار، بېرىمەن — دەپتۇ سوپى بىتاقەت بولۇپ. سودىگەر قولى بىلەن كۆنىيېتىش تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ھارۋىنى تېزرەك ياسىۋالمىسام، ئۆيگە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن بارالمايمەن، — دەپتۇ. سوپى سودىگەرنىڭ قول ئىشارىتىنى قويلىرىم كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتىپ بەردى دەپ خۇش بولۇپ:

— رەھمەت، بۇرادەر، — دەپتۇ-دە، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئازراق مېڭىپلا قارىسا، قويلىرى بىر چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئوتلاۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن سوپى ناھايىتى خۇش بوپتۇ. ئۇ خۇشاللىقنى باسالماي، سودىگەرگە رەھمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھېلىقى توكۇر ئوغلاقنى بەرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— بۇرادەر، سىلىگە مىڭ رەھمەت، ئەگەر سىلى قوي بار جاينى كۆرسىتىپ بەرمىگەن بولسىلا، قويلىرىمنى تاپالمايتتىم، ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مۇنۇ ئوغلاقنى بېرەي، ئۆلتۈرۈپ يېسىلە، — دەپتۇ. بۇ توكۇر ئوغلاقنى كۆرۈپ سودىگەرنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ:

— ھەي ئوغرى، سېنىڭ ئوغلىقىڭنىڭ پۇتىنى مەن سۇندۇردۇممۇ؟ ھۇ مۇتتەھەم، يو-قال كۆزۈمدىن!— دەپتۇ. سوپىمۇ بوش كەلمەي:

— قويۇمنىڭ بار يېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنگە بىر ئوغلاق بەرسەم بولمىدىمۇ؟ چوڭ

قوي بەرسەم بولامتى؟! هۇ ئىنسابسىز، سەن ماڭا قوي بېقىشىپ بەرگەنمىدىڭ؟!ــ دەپتۇ. سوپىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن سودىگەر ماڭا تۆھمەت قىلدى، دەپ چۇشىنىپ مۇشت كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېدەللىشىپ تۇتۇشۇپ قاپتۇ.

ــ هۇ، تۆھمەتخور!

ــ هۇ، نائەهلى، ئىنسابسىز!

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ، بىردەمدە هەر ئىككىسىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرى قان بوپتۇ. ئۇلار سۆرىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. هەر ئىككى دەۋاگەر قازىغا ئۆز گەپلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. قازىمۇ گاس بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماپتۇ. سودىگەر قىبلە تەرەپنى كۆرسىتىپ:

ــ دەۋايىمنى تېزرەك سورىسىلا، ئاۋۇ يەردە هارۋام قالدى، ــ دەپتۇ. سوپىمۇ قويلىرىدىن ئەنسىرەپ، قول هەرىكىتى بىلەن:

ــ ئەتىگەندىن كەچ بولغۇچە بىر نەرسە يېمىدىم، قويلىرىمنى يەنە يوقىتىپ قويماي، بۇ ئوغرىغا بېرىغان ئوغلىقىمۇ يوق، ــ دەپتۇ.

بۇ دەل رامىزان كۈنلىرى بولۇپ، روزا هېيتقا ئۈچ كۈن قالغانىكەن. قازى ئۇلارنىڭ ئىشارىتىدىن بىر نەرسە سەزگەندەك قىلىپ:

ــ هە، سىلەرنىڭ ئاسماندا بۈگۈن ئاخشام ئاي كۆرگىنىڭلار راستمۇ؟ــ دەپتۇ. سوپى بىلەن سودىگەر ئۆز سۆزىنى يەنە تەكرارلاپتۇ. قازى:

ــ شەرىئەت هۆكۈمدە، ئىككى مۇسۇلمان ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋاهلىق بەرسە، روزا هېيت نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. قېنى، ناغرا چېلىنسۇن!ــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ناغرا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر هەيرانلىقتا، قازىدىن:

ــ قازى ئاخۇنۇم، بۇ نېمە ناغرا؟ــ دەپ سوراپتۇ. قازى سورىغانلارغا قاراپ:

ــ بۇ ئىككىيلەن ئاسماندا ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋالىق بەردى، ئەتە روزا هېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز، ــ دەپتۇ.

قازىنىڭ دۆتلۈكىدىن غەزەپلەنگەن كىشىلەر قازىنىڭ سەللىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قازىكالانىغا ئەرز قىلىپ بۇ پارىخور قازىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ.

سوپى بىلەن سودىگەر گاس بولسىمۇ خەت تونۇيدىكەن. ئاخىر بۇلارنىڭ دەۋايىنى سورايدىغان كىشى چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلار خەت ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن مەقسەت - مۇددىئاسىنى چۈشىنىشىپتۇ، بىر - بىرى بىلەن كېلىشىپتۇ، ئاخىر كۈلۈشۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، يېقىن دوستلارغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوپى خوتۇنى بىلەن قىزىغا خەت ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپتۇ، خەت ئارقىلىق مەقسەتلىرىنى ئېنىق بىلىشىدىغان بوپتۇ.

# گاسنىڭ بىمارنى زىيارەت قىلىشى

ئاق كۆڭۈل بىر گاس ئادەم كېسەل قوشنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدى. ئۆزىچە: «قوشنام كېسەل ئىكەن. ئۇنى بېرىپ كۆرۈشۈم، ھال ـ ئەھۋالىنى سورىشىم كېرەك، ئەمما مەن گاس، ئۇ بولسا ئاغرىق، ئاۋازى چىقمايدۇ. لېكىن كېسەلدىن ئادەتتىكى سوئاللار سورىلىدۇ ۋە مەلۇم جاۋاب ئېلىنىدۇ. مەن «قانداقراقسىز ؟» دېسەم، ئۇ «ياخشى، رەھمەت» دەيدۇ. «قانداق تاماق يەۋاتىسىز؟» دەپ سورايمەن، چوقۇم بىر تائامنىڭ نامىنى ئېيتىدۇ. مەن بولسام «ئۇ ياخشى تاماق، سىڭسۇن» دەيمەن. تېۋىپلاردىن كىم كېلىۋاتىدۇ، دېسەم، بىرەر تېۋىپنىڭ ئىسمىنى ئېيتىدۇ... مەن ئۇنىڭغا «ئۇ ياخشى تېۋىپ» دەيمەن، دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن كېسەلنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى:

ـــ ياخشىمۇسىز؟ـــ دەپ ئەھۋال سورىغان بولدى. كېسەل ئىڭرىغان ھالدا:



— ئۆلەي دەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن گاس ئادەم:
— ۋاي، ۋاي، بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى.
بىمار:
«بۇ قانداق گەپ؟ بىراۋنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ خۇشال بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپ غەزەپلەندى.
گاس يەنە سورىدى:
— نېمە يەۋاتىسىز؟
بىمار ئاچچىق قىلىپ:
— زەھەر!— دېدى.
گاس ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلىشىدىن بىر تائامنىڭ نامىنى ئېيتقانلىقىنى ئويلاپ:
— ئۇ ياخشى تاماق، سىڭسۇن!— دەپ جاۋاب قايتۇردى.
كېسەل ئاچچىقتىن خۇدىنى يوقاتقۇدەك بولدى.
گاس ئادەم سوراشنى داۋام قىلدى:
— داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپلەردىن كىم كېلىۋاتىدۇ؟
— قېنى، يوقال بۇ يەردىن! ئەزرائىل كېلىۋاتىدۇ!— دەپ جاۋاب بەردى بىمار. گاس:
— ناھايىتى بىلىمدان، تەجرىبىلىك تېۋىپ ئۇ. خۇدا خالىسا، پات ئارىدا بىر تەرەپ بولغۇدەكسىز، — دېۋىدى، كېسەل چىدىيالماي:
—يوقال!— دەپ ۋارقىرىدى.
گاس بولسا، قوشنىلىق ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ خەيرلەشتى.

## ئەخمەق دېۋىلەر

قاغا تارازىچى، سېغىزغان خەۋەرچى، توشقان ئۇيالچاق ۋاقىتتا، سەھرايى بالاگەرداندا ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا ئۈچ ئوغۇل بولغانىكەن. ئەڭ كىچىكى بىر ئانىدىن يالغۇز ئىكەن، چوڭلىرى بىر ئانىدىن ئىكەن؛ ئاتا-ئانىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار مىراس بۆلۈشۈپتۇ. بۆلۈشىمۇ، بىر قورۇدا بىللە ياشاپتۇ. چوڭلىرى كىچىكلىرىنى ئانى تېپىپ، ئالداپ-سالداپ ئۇنىڭ مىراسىنى تەڭ يەپ بوپتۇ. ئۆزلىرىنىڭگە نۆۋەت كەلگەندە، كىچىكنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بېشى قېتىپ، نېمە قىلىشنى بىلمىگەن بۇ بالا بىر چۆل-

دە كېتىپ بارسا، ئېگىزلىكى ئون غۇلاچ، كەڭلىكى بەش غۇلاچ يوغان بىر دۆشنىڭ كېلە-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا، دۆە كۈلۈپ، خۇشال كېلىۋاتقان؛ كۈلگەندە بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ ماڭىدىكەن. قورقىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمىگەن بالىمۇ دۆشنىڭ ئالدىغا كۈلۈپلا بېرىپتۇ.

— ھەي، ئەخمەق بالا!— دەپتۇ دۆە.

— نېمشقا ئەخمەق دەيسەن؟— دەپ يەنە كۈلۈپتۇ بالا.

— مېنىڭ قورسقىم تازا ئاچ ئىدى، يەيدىغان رىزىق ئۇچرىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كۈلدۈم. سەن نېمە دەپ كۈلىسەن؟— دەپ سوراپتۇ بالىدىن.

— ھەي، ئەخمەق دېۋە، راست ئەخمەق ئىكەنسەن. مەن يەرنىڭ تېگىدىن چىقىپ كې-لىۋاتىمەن.

— نېمشقا؟— دەپتۇ دۆە بىلمەك بولۇپ.

— ۋەيلۇن دېگەن دوزاخنىڭ تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. مانا شۇنىڭغا لايىق تۈۋرۈك تېپىش ئۈچۈن مېنى خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. شۇنى ئىزدەپ، تاپالماي ھېرىپ يۈرسەم، سەن ئۇچراپ قالدىڭ، مانا شۇنىڭغا خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن، — دەپتۇ.

خۇدا ئەۋەتتى دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان دۆە بالىدىن قورقۇپتۇ-دە:

— ئۇنداق قىلما، ۋەيلۇن دوزىخى — ئوت بولسا، مەن ئۇنىڭدا پۇچىلىنىپ كېتى-مەن، مېنى قويۇپ بەرسەڭ، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ دۆە. بالا ئۆزىنى توختىتىۋاپ-تۇ-دە:

— ياق، سېنىڭ بويۇڭنىڭ ئېگىزلىكى، غوللىرىڭنىڭ كەڭلىكى، قاۋۇللۇقۇڭ دوزاخ-نىڭ تۈۋرۈكىگە خوپ كېلىدۇ؛ مەن يەنە نەدىن ئىزدەپ يۈرەي... يۈر، سېنى ئاپىرى-مەن، ئۇنىمساڭ، ئەزرايىل كېلىپ جېنىڭنى ئالىدۇ، — دەپتىكەن، دۆە تېخىمۇ يالۋۇ-رۇشقا باشلاپتۇ.

— ماڭا بىر ياخشىلىق قىلساڭ.

— سەن تېخى مېنى كۆرۈپ ئوزۇق تاپتىم دەپ، خۇشال بولۇپ كۈلگىنىڭنى قارا! دوزاختا تۈۋرۈك قىلىپ، موماڭنىڭ مومىسنى كۆرستىمەن!— دەپ تۇرۇۋاپتۇ بالا.

— ئۇنداق قىلما، مېنى قويۇپ بەرسەڭ، بىر تۇلۇم ئالتۇن بېرىمەن!

— ياق! ئىككى تۇلۇم بەرسەڭ، قويۇپ بەرسەم بېرەي، ئەمما ساڭا ئوخشاش دوزاخ-نىڭ تۈۋرۈكىگە لايىقنى تاپمىقىم تەس، — دەپتۇ، — مەن ئالتۇنۇڭ ئۈچۈن بارمايمەن، خالىساڭ ئۆزۈڭ ئەكىلىپ چىنار تۈۋىگە تىقىپ قوي. كەلمىسەڭ، بەربىر تاپىمەن.

— بولىدۇ، — دەپ، دېۋە ئۆز غەزىنىسىگە يۈگۈرۈپتۇ. بالا بولسا دېۋىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ، كەينىگە يۈگۈرۈپتۇ. قېچىپ كېلىۋېتىپ ھېرىپتۇ. غىلىڭ تۈزدىن جاي تاپالماي، يەنە مېڭىپتۇ، ئاخىر بىر چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، دېۋە ئىككى قولتۇقىغا ئىككى تۇلۇم ئالتۇننى قىستۇرۇپ، چىنارنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ، تۇلۇملارنى چىنارغا يۆلەپ قويۇپ، تەرىنى سۈرتۈپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ، بالا كۆرۈنمىگەندىن كېيىن: «بۇ جايدىن چاپسان كېتەيچۇ» دەپ مېڭىپتۇ.

دېۋە كېتىۋاتسا ئالدىغا باشقا دېۋە يولۇقۇپتۇ. ھال سورىشىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئەخمەق، — دەپتۇ ئۇچراشقان دېۋە، — ئۇ سېنى ئالداپ كېتىپتۇ. يۈر، ئۇنى تېپىپ يەيمىز، — دەپ باشلاپ يەنە چىنار تەرەپكە مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا بالا چىناردىن چۈشۈپ، ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتەي دەۋاتقانىكەن، بوران چىقىپتۇ. قارىسا دېۋىلەر كېلىۋاتقان، ئۇ چىنارغا قايتىدىن چىقىۋاپتۇ. بىر چاغدا ئىككى دېۋە چىنار تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، يەر تىلغاپتۇ.

— تاپسام بىر يالماپ يۇتاتتىم، — دەپتۇ قوشۇلغان دېۋە. بالا چىنار ئۈستىدە قورقۇپ كېتىپ، پالاق-پۇلۇق قىلىپ، چىناردىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بالىنىڭ تۇيۇقسىزدىنلا ئاسماندىن چۈشكىنىنى كۆرگەن ئىلگىرىكى قورقۇنچاق دېۋىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي: — ئەمدى جېنىمىزنى ئالدىغان بولدى! — دەپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر دېۋىنىڭمۇ تىلى گەپكە كەلمەي، ھوشىنى بىر يوقىتىپ تۈزۈلۈپتۇ-دە، قېچىپتۇ. بالا بۇنى كۆرۈپ:

— توختا، توختا! — دەپ پوپوزا قىپتۇ. دېۋىلەر توختىماي، ئالدى - كەينىگە قارىماي، قاچقانچە قېچىپ كېتىپتۇ.

— «قورققانغا قوش كۆرۈندى» دېگەن مۇشۇ ئىكەن دەپ، بالا ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاكىلىرى قارىسا، ئىنىسى باي بولۇپ كەتكەن.

— قانداق باي بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چىنار تۈۋىدە دېۋىلەرنىڭ تۇلۇم-تۇلۇمدا ئالتۇنى بار ئىكەن، شۇنىڭدىن ئېلىپ كەلدىم.

— قانداق ئالدىڭ؟

— تازا ئاپتاپتا چىنار ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرساڭ، دېۋىلەر ئالتۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، چىنارغا يۆلەپ قويۇپ، ئۆزلىرى تاغقا سالقىنلىغىلى كېتىدىكەن، شۇ چاغدا ئېلىپ كېتىۋېرىسەن، — دەپتۇ.





ئاكلىرى ئىنىسىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ،
چىنار تۈۋىدە چىڭقىچۈشتە ئولتۇرسا، بىر توپ
دىۋىلەر كېلىپ، ھېلىقى ۋەقەنى سۆزلىشىۋاتقۇ-
دەك، بۇنى ئاڭلاپ ئاكىلىرى قورقۇپ كېتىپ،
چىنار ئۈستىدە مىدىرلىشىپتىكەن، شاخلىرى شىل-
دىرلاپتۇ، بۇنى بىلىپ قالغان دىۋىلەر چىنارنى
يىلتىز - پىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىپ سۆرەپ
قېچىپتۇ، ئاكىلىرى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ساق قالدىمۇ -
بىلەلمىدىم، ئۇلار شۇ يەردە قالايمىقان بولۇشۇپ
قالغان، مەن بۇ ياققا كېلىۋەردىم.

## ئەخمەق پادىشاھ

ئۆتكەن زاماندا بىر ئەخمەق پادىشاھ بولغانىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن قورقۇپ، نېمە بۇيرۇسا شۇنى قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟— دەپ سوراپتىكەن، ئۇ ئادەم قورقۇپ كېتىپ:

— مەن تاغ كۆتۈرىدىغان ئادەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا،ئوردىنىڭ ئالدىدىكى تاغنى يۆتكە، — دەپتۇ. ئۇ ئادەم:

— ماقۇل، — دەپتۇ. پادىشاھ:



— ساڭا نېمە لازىم؟— دەپتىكەن.

— ماڭا ھېچ نېمە لازىم ئەمەس، پەقەت بىر يىلدا بىر قېتىم تاغ يۆتكەيمەن، شۇنىڭغىچە يەتكۈدەك كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلىرىمنى يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. پادىشاھ:

— نېمە يېسەڭ، نېمە كىيسەڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ئوردىدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يىل پادىشاھنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، تاماقلىرىنى يەپ يۈرۈپتۇ. يىل توشقاندىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈن يۇرتنى ئوردا ئالدىغا يىغىپ:

— ھازىر تاغ كۆتۈرىدىغان باتۇرنىڭ كۈچىنى كۆرۈڭلار!— دەپ جار سالدۇرۇپتۇ-دە، كېيىن باتۇرغا قاراپ:

— قېنى، تاغنى كۆتۈر!— دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم تاغنىڭ باغرىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تاغقا دۈمبىسىنى يۆلەپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— كۆتۈر! — دەپتۇ يەنە. ھېلىقى ئادەم:

— سىز باشلىق بولۇپ، تاغنى دۈمبەمگە ئارتىپ قويۇڭلار، ئاندىن ئۆزۈم ئورنىدىن يۆتكىۋېتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بىز قانداق ئارتىمىز؟— دەپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم:

— سىلەر تويلىشىپ كۆتۈرەلمىگەن تاغنى مەن يالغۇز قانداق كۆتۈرىمەن؟— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قىرىغاندا ئېچىلغان بەخت

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، خۇشال ئىكەن، خاپا ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئاق ئىكەن، قارا ئىكەن، دۇنيادا بىر بەختسىز قېرى بوۋاي ياشىغانىكەن. ئۇ بوۋاينىڭ دۇنيادا قېرى ئالا ئېتىدىن باشقا يا بالىلىرى، يا مومىيى، يا ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى يوق ئىكەن. بوۋاي كۈندە قوراي ئورۇپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆزىگە ئاز - تولا نان، چاي، تۇزلارنى ئېلىپ، ئۆيىگە قايتىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئۇخلاپ قېلىپ، قورايغا كەچ قاپتۇ. ئالمان - تالمان چاي قايىنىتىپ، ئالدىرىغىنىدىن ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ، ئورغاقنى، ئارغامچىنى ئېلىپ، ئېغىلدىكى ئالا ئېتنى مىنىپ قورايغا كېتىپتۇ. بوۋاي قوراي ئورۇپ بازاردا سېتىپ، ئىككى توقاچ، ئازراق چاي، تۇزنى ئېلىپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

بوۋاي مېڭىۋەرسۇن، بىز ئەھۋالنى ئۆيدىن كۆرەيلى. بوۋاي ئەتىگەنلىكى قورايغا كەتكەندە، ئوچاقتىكى ئوت ياندىكى قورايغا تۇتىشىپ، قورايدىن كىگىزلەرگە تۇتىشىپ، كىگىزدىن ئەسكى ياغاچ كارىۋات كۆيۈپ، كارىۋاتتىن قوزۇقتىكى ئەسكى جۇۋا، چاپانلار كۆيۈپ، ئۇلاردىن تورۇستىكى بورىلار، ۋاسلار، لىملار كۆيۈشكە باشلاپتۇ. لىملار كۆيۈۋاتقاندا قوشنىلىرى كۆرۈپ ئويۇر - تويۇر، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇشۇپ، خەلق يىغىلىپ ئۆچۈرۈشكە باشلىغاندا، لىملار ئىچىگە گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

بوۋاي ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيىنى تونۇماي قاپتۇ. بۇرۇنقى ئۆيىنىڭ ئورنىدا تۆت تام ۋە كۆللەرلا قاپتۇ.

بوۋاينىڭ تۇرىدىغان ئۆيى بولمىغانلىقتىن، ئۇ شەھەردىن كېتىپ قاپتۇ. كەچ كىرگىچە مېڭىپتۇ ۋە ئالدىغا بىر دەريا توغرا كېلىپ قاپتۇ. دەريا بويىدا تۈنەپ، ئەتىگەندە تۇرۇپ قارىسا، دەريانىڭ بويى شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك ئىكەن. دەريانىڭ نېرىسىدا تاغ، دەريا بويى بوستانلىق، گىلەمدەك يېشىل چىملىق ئىكەن. بوۋاي باشقا ياققا بېرىشتىن يالتىيىپ، ياغاچلارنى يىغىپ كەپە ياساشقا باشلاپتۇ. كەپىنى ياساپ بولۇپ، دەم ئېلىپ، دەريا بويىنى ئايلىنىپ يۈرسە، ئون نەچچە قوي ئوتلاپ يۈرگۈدەك.

«ئىگىسى كەلسە بېرىۋېتەرمەن»دەپ قويلارنى يىغىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. دەريا بويىدا يەتتە - سەككىز كۈن شۇ يەردىكى مېۋىلەرنى يىغىپ يەپ يۈرۈپتۇ. لېكىن قوينىڭ ئىگىسىدىن خەۋەر بولماپتۇ. بوۋاي بولسا:

— بۇلارنى ماڭا خۇدايىم بېرىپتۇ، — دەپ قويلارغا ئېغىل ياساپتۇ. دەريا بويىدا يەنە ئاز كۈن يۈرگەندىن كېيىن، شەھەردىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى — قارماق، بېلىق تۇتىدىغان تورلارنى ئەكەپتۇ. دەريادىن بېلىق تۇتۇپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي بېلىق تۇتۇۋاتسا، يەتتە - سەككىز بالىنىڭ دەر-



يا بويىدىن يوغان بىر بېلىقنى سۆرەپ كېتىپ بارغانلىقنى كۆرۈپ، بېلىققا ئىچى ئاغرىپ، بالىلاردىن سورىۋېلىپ، ئۇنى سۇغا قويۇۋېتىپ، ئورنىغا بالىلارغا يوغان بىر قوي بېرىپ، بالىلارنى خۇشال قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بالىلار كەتكەندە بېلىق سۇدىن چىقىپ بوۋايغا:

— ساڭا نېمە كېرەك؟ نېمە كېرەك بولسا، شۇنى تېپىپ بېرىش مېنىڭ قولۇمدىن كې-لىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي نېمە سورىشنى تاپالماي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغاندا، بېلىق:

— مەن بېلىقلار پادىشاھىنىڭ بالىسى بولىمەن، مەن سېنى دادامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن، دادام ساڭا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بەرسە، سەن ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، ئىشكىنىڭ تۈۋىدە بىر كۈچۈك بار، شۇنى بېرىڭ، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋال، — دەپ جېكىلەپتۇ.

بوۋاي رازىلىق بەرگەندىن كېيىن بېلىق سۇغا كىرىپ كېتىپ، يوغان ئىككى بېلىقنى بو-ۋاينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، بوۋاينىڭ بېشىغا ئالتۇن قالپاق كىيگۈزۈپ، بىر بېلىققا مىندۈرۈپ، سۇنىڭ تېگىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاي بىر چاغدا قارىسا، قارىغايدەك يوغان بېلىقلار-نىڭ ئۆيچۆرىسىدە يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇشقا باشلاپتۇ. تونۇش بېلىق بولسا:

— قورقما، ئەمدى كەلدۇق، — دەپ يوغان بىر چىرايلىق سۇ ئاستى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچىدە تېخىمۇ يوغان بېلىقلار بار ئىكەن. بوۋاي ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، خا-تىرجەم بولۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاي ئاخىر بېلىقلار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ئالتۇن تاۋاقلاردا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا چېچىشقا باشلاپتۇ. لېكىن بوۋاي ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، پادىشاھنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇ-رۇپتۇ. بىر چاغدا يوغان خورجۇننىڭ ئىككى بېشىغا تولدۇرۇپ ئەڭ ئېسىل تاشلارنى ئېلىپ كەپتۇ-دە، بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لېكىن بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ قاراپ قويماپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ئادەم بالىسىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك؟ بۇنىڭدىن باشقا نېمە خالاي-سەن؟ نېمە خالىساڭ سورا، بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئاشۇ كۈچۈكنى بەرسىڭىز، باشقا نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ كۈچۈكنى كۆرسىتىپتۇ بوۋاي. بېلىقلار پادىشاھى خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئاخىر:

— بالامنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپسەن، بوپتۇ، بەرسەم بېرەي كۈچۈكنى، — دەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەنە ئىككى بېلىق بوۋاينى سىرتقا ئاچىقىپ قويۇپ، قايتىپ كېتىپتۇ. لېكىن بوۋاي قۇتۇلدۇرۇۋالغان بېلىق كىرىپ كەت-مەي بوۋايغا:



— ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا، مانا مۇشۇنىڭ

بىرنى كۆيدۈرسەڭ مەن شۇ زامان ئالدىڭدا بولىمەن، بىراق ئېسىڭدە بولسۇن، دەريانىڭ
بويىدا كۆيدۈر، ــ دەپ قانىتىدىن ئۈچ تال تۈكنى يۇلۇپ بېرىپتۇ. بوۋاي خۇشال بو-
لۇپ، ئۆيىدە كۈچۈكنى ئوچاقنىڭ يېنىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قويلارنىڭ قېشىغا كې-
تىپتۇ. كەچ كىرگەندە قويلارنى ھەيدەپ كېلىپ، قوروغا سولاۋېتىپ، كەپىگە كىرىپ داڭ
قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى كەپىنىڭ ئىچى سەرەمجان بولۇپ، كەپىنىڭ ئوتتۇرىدا داس-
تىخان سېلىقلىق، داستىخاننىڭ ئۈستىدە ئۈچ تۈرلۈك تاماقنىڭ ھورى چىقىپ تۇرۇپتۇ.
بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قارىسا، ھەممىسى راست. بۇ تاماقلارنى كىم ئەتكەنلىكىنى
ئويلاپ ـ ئويلاپ ھېچ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ تاماقلارغا ئېغىز تېگىپ كۆرسە،
شۇنچىلىك تەملىك ئىكەن. بوۋاي مۇنداق تاماقلارنى ئۆمرىدە يېگەنمۇ ياكى يېمىگەنمۇ
ھېچ ئېسىغا ئالالماپتۇ. ئەتىگەندە تۇرۇپ قارىسا، يەنە يېڭىلا پىشۇرۇلغان تۈرلۈك تاماق
داستىخان ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ، قويلارنى ھەيدەپ مېڭىپ كۈچۈكنى
چاقىرسا، چىقماپتۇ. كىرىپ قارىسا، ياتقان جايىدىن ھېچ قىمىرلىماپتۇ. «بۇ ئۆلۈكمۇ، تى-
رىكمۇ؟» دەپ قولىغا ئېلىپ قارىسا جېنى بار، يۆتكەپ قويسا يەنە بۇرۇنقى جايىغا بېرىپ
يېتىۋاپتۇ. قويلارنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. چۈشلۈكى كېلىپ كەپىگە كىرسە يەنە ھەر تۈرلۈك
تاماقلار تەييار تۇرغان ئىكەن. بوۋاينىڭ كۆڭلىدە ھەر تۈرلۈك ئەندىشىلەر پەيدا بوپتۇ.
تاماقلارغا قارىمۇ قويماي، قېرى ئېتىغا مىنىپ كۈچۈكنى چاقىرسا چىقماپتۇ. شۇ كۈنى
قويلارنى كەچ ھەيدەپ كەپتۇ. ئېغىلغا ھەيدىسە كىرمەي، ھەر ياققا پىتراپ قېچىشقا
باشلاپتۇ. كۈچۈكتىن ئاز بولسىمۇ ياردەم كېلەمدىكىن دەپ چاقىرسا، ئۇمۇ چىقماپتۇ.
«شۇنچە ئالتۇنلارنى بەرسە ئالماستىن، مۇشۇ ئۆلۈمتۈك بىر كۈچۈكنى ئالدىممۇ؟» دەپ
تىرىكىپ ـ بوغۇلۇپ يۈرۈپ قويلارنى ئارانلا سولىۋاپتۇ.
ھېرىپ ـ ئېچىپ كەپىگە كىرسە، يەنە تاماقلار داستىخان ئۈستىدە تۇرغان، ئوچاقنىڭ
ئالدىغا قارىسا، كۈچۈك تۈگۈلۈپ ياتقان، ئاچچىقىدا كۈچۈكنى بىرنى تېپىپ، تاماققا قا-
راپ، قوسىقى تېخىمۇ ئېچىپتۇ. قوسىقىنى تويغۇزۇپ، يېنىچە يېتىپ: «بۇ تاماقلارنى كىم
ئېتىدىغانلىقىنى ئەتىلىككە بىلىۋالاي» دەپ ئويلاپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تۇ-
رۇپ قويلارنى ھەيدىگەن بولۇپ، ئۆزى دەل ـ دەرەخ بار يەرگە كىرىپ قاراپ تۇرۇپ-
تۇ. لېكىن ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. چۈشكىچەماراپ ھېچ پايدا چىقىرالماي، كەپىدە ئەتى-
گەنلىكى ئېلىپ قويغان تاماقلارنى يەپ، قويلارنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ كەپىگە كىر-
سە، يەنە تاماقلار تەييار تۇرغانىكەن. چۈشتىن كېيىن يەنە ماراپ يېتىپ زېرىكىپ ـ تېرى-
كىپ، پۈتنىڭ ئۇچى بىلەن كەپىگە ئاستا يېقىنلىشىپ ئىچىگە قارىسا، كەپىنىڭ ئىچىدە ئون
سەككىز ياشلىق، ئون تۆت كۈنلۈك ئايغا ئوخشاش چىرايلىق كەلگەن بىر قىز بېلىقنىڭ بې-
لىدەك بېلى بىلەن تولغىنىپ، كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇياقتىن بۇ-

ياققا نېمىلەرنىدۇ توشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. يۈگۈرەپ كىرىپ قىزنىڭ ئىككى بىلەكىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ نەنىڭ قىزى، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟— دەپ سوئاللارنى ئۈستى - ئۈستىگە ياغدۇرۇۋېتىپتۇ، پەرىلەردەك چىرايلىق شوخ كەلگەن قىز:

— مەن پۈتكۈل بېلىقلار پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن. مېنى دادام پەقەت ئىنىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭىز ئۈچۈنلا سىزگە بەرگەن، سىز ئېلىپ كەلگەن كۈچۈك مەن بولىمەن، — دەپ قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ يەرگە قاراپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا قىز بولۇپ قېلىڭ، ماڭا سىزدەك بىر قىز كېرەكتى، — دەپتۇ بوۋاي.

— ماقۇل، ئاتا، مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ قىزىڭىز بولىمەن. ھازىر مۇنۇ كەپىنىڭ ئورنىدا يوغان چىرايلىق بىر ئۆي پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ قىز.

— ھوي، قىزىم، ئۇنداق ئۆينى بىزگە كىم سېلىپ بېرىدۇ؟

— قورقماڭ، ئاتا، ھازىر پەيدا بولىدۇ. سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭ، مەن تالاغا چىقىپ، سىزنى چاقىرغاندا چىقىڭ، — دەپ قىز سىرتقا چىقىپ، ياغاچ بىلەن يەرنى كولاپ، توپىسىنى چېچىپ، ياغاچنى يەرگە ئۈچ قېتىم ئۇرغانىكەن، كەپىنىڭ ئورنىدا يوغان، چىرايلىق ياغاچ ئۆي پەيدا بوپتۇ. قىز سىرتتا تۇرۇپ ئاتىسىنى چاقىرغانىكەن، بوۋاي كۆزىنى ئاچسا ئالامەت بىر دۇنيانىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھەيران بولۇپ، قاراپلا قاپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سىرىنى سورىسا، قىز:

— مېنى دادام ئون بەش يىل ئوقۇتتى. مەن ئۇستازلىرىمدىن ئون بەش يىلدا قىرىق بىر مىڭ تۈرلۈك ھۈنەر ئۆگەندىم، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن قىزنىڭ ھاياتى بەختلىك ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.



ئەمدى بىز شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىدىن سۆز ئاڭلاپ كۆرەيلى: كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ قىرىق بىر ۋەزىرى بىلەن شىكارغا چىققانىكەن. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقى تۈگەپ قاپتۇ. ئوزۇق تۈگىگەن

كۈنى ئۇلار ھېچنېمە ئۇچرىتالماي كېلىۋاتسا، ئالدىدىن بىر بۆدۈنە چىقىپتۇ. قىرىق ئىك-كىسى قىرىق ئىككى ياقتىن ئېتىپ، بۆدۈنىنى ئولجا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتى يوق بولغانلىق-تىن، بۆدۈنىنى پىشۇرالماي تۇرسا، يىراقتىن ئىسنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھ بىر ۋەزىرگە:

— سەن مۇشۇ بۆدۈنىنى ئىس چىققان يەردە پىشۇرۇپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر ئىس چىققان ئۆيگە بارسا، بىزگە تونۇش بوۋاي بىلەن قىز ئۆيدە ئىكەن. ۋە-زىر كىرىپ:

— مۇنۇ بۆدۈنىنى مۇشۇ يەردە پىشۇرۇۋالاي، — دەپ بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

— ئوچاقتا پىشۇرۇۋال، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئوچاققا ئوت قالاپ بۆدۈنىنى ئۇتلەشكە باشلاپتۇ، قىزنى كۆرۈپ چىرايلىقلىق-غا ھەيران بولۇپ، قىزغا قاراپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. بىر چاغدا «تۇر» دېگەندەك قىپتۇ. ئىرغىپ تۇرسا، ئۇتلەۋاتقان بۆدۈنە كۆيۈپ تۈگەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھتىن قورقۇپ، يىغلاش-قا باشلاپتۇ. قىز:

— خاپا بولماڭ، مەن ھازىر سىزگە بۆدۈنە تېپىپ بېرىمەن، — دەپ ئۇندىن ئازراق ئېلىپ، سۈت ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ، خېمىردىن كىچىككىنە بىر بۆدۈنە ياساپ، پىشۇرۇپ بېرىپتۇ.

ۋەزىر خۇشاللىقىدىن رەھمەت ئۇستىگە رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ پا-دىشاھنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ. خېمىردىن ياسالغان بۆدۈنىنى پادىشاھقا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن، پادىشاھ يەپ، تويۇپ ۋەزىرلىرىگە بەرسە، ئۇلارمۇ تويۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەي-ران بولۇپ، ۋەزىردىن سوراپتۇ.:

— سەن بۇ بۆدۈنىنى قانداق پىشۇردۇڭ؟ بىر بۆدۈنىگە ھەممىمىز تويۇپ كەتتۇق. بۇنىڭ قانداق سىرى بار؟— دەپتۇ.

ۋەزىر:

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، بىزنىڭ ئۇلۇغ شاھىمىز، ئەگەر مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىم-دىن كەچسىڭىز، ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ پادىشاھنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ يالۋۇ-رۇپتۇ، پادىشاھ:

— ئېيت چاپسان، كەچتىم!— دەپتۇ.

— مەن بىزنىڭ ئېتىۋالغان بۆدۈنىنى ئېلىپ، سىز كۆرسەتكەن يەرگە بارسام، دەريا بويىغا سېلىنغان يوغان، چىرايلىق بىر ياغاچ ئۆي ئىكەن. مەن ئۇ ئۆينى چوڭ بىر باينىڭ يازدا دەم ئالىدىغان يېرىمىكىن دەپ ئىچىگە كىرسەم، قېرى بىر بوۋاي بىلەن بىر قىز ئول-

تۇرۇپتۇ، — دەپ ۋەزىر بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ ئېيتىپ بېرىپتۇ، — بىز يەپ تويۇپ كەتكنى ئاشۇ قىزنىڭ قولىدىن چىققان «بۇدۇنە»، — دەپتۇ سۆزىنى ئاياقلاشتۇ-رۇپ ۋەزىر.

پادىشاھ قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ئاھ ئۇرۇپ ئورۇدىغا بېرىپ:

— شۇ قىزنى ئالغىنىم ئالغان! ھازىر بېرىپ بوۋاينى ئېلىپ كېلىڭلار!— دەپ ئەلچە-لەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بوۋاينى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىكەن، پادىشاھ:

— سىزنىڭ قىزىڭىزغا مۇشۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئاشىق ئىكەن. سىز شۇ پادىشاھنى كۈيئوغۇللۇققا لايىق كۆرەمسىز؟— دەپتۇ.

— ياق، مەن دۇنيادىكى بار - يوق بىر تال قىزىمنى پادىشاھقا بەرمەيمەن، ئۆز خە-لىدىكى ئۆزۈمدەك ئاددىي دېھقان يىگىتكە بېرىمەن!— دەپتۇ بوۋاي.

— ئەگەر بەرمىسەڭ كۈچ بىلەن ئالىمەن!

— قولىڭىزدىن كەلسە ئېلىڭ! قىزىمنىڭ خىلى سىز ئەمەس.

پادىشاھ بوۋايغا مايىلىق سۆزلىرىنىمۇ ئېيتىپتۇ، ئۆلتۈرىمەن دەپمۇ قورقىتىپتۇ. لېكىن بوۋاي پەرۋا قىلمىغانلىقتىن، نېمە قىلىشنى بىلمەي، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىزىپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە پادىشاھ بوۋايغا قىرىق تۈگىگە قىممەت باھالىق يۈكلەرنى ئارتىپ ئەۋەتىپ-تۇ. بوۋاي بىلەن قىز:

— بىزگە بايلىقىڭ كېرىكى يوق، بىز پادىشاھتەك دۇنياغا بېرىلمەيمىز، بىزگە ئۆزد-مىزنىڭ ماڭلاي تەرىمىزدىن تاپقانلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ، ھازىرلا بۇ نېمىلىرىڭلارنى يوقە-تىڭلار!— دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

بىر ھەپتە ئۆتكەندە پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن بوۋاينى چاقىرتىپ:

— مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟— دەپتۇ. بوۋاي:

— ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ. بۇنىڭغا خۇشال بولغان پادىشاھ:

— بىز ئات چېپىشتۇرىمىز. ئەگەر مېنىڭ ئېتىم ئۆتۈپ كەتسە، مەن سېنىڭ قىزىڭنى ئا-لىمەن، ئەگەر سېنىڭ ئېتىڭ ئۆتۈپ كەتسە، سەن مېنىڭ بىر ئايالىمنى ئالىسەن، — دەپتۇ.

بوۋاي رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۆيىگە خاپا ھالدا قايتىپتۇ. ئاخشىمى قوناقنى كۆپ بېرد-ۋەتكەنلىكتىن، قېرى ئات ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي تېخىمۇ خاپا بولۇپ ئۆيىگە كىرسە، قىز نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ، بوۋاي ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئىنىم بىرنېمىلەرنى ئېيتمىغانمىدى؟— دەپتۇ قىز.

ــ ئېيتقان، ئېيتقان، ــ دەپ بوۋاي دەريا بويىغا بېرىپ بىر تال تۆكنى كۆيدۈرگە-
نىكەن، بېلىق چىقىپ:

ــ نېمە بولدى، نېمە ۋەقە؟ــ دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن بېلىق:

ــ قورقما، خاتىرجەم ئۆيۈڭگە بارغىن، بىر گەپ بولۇپ قالار، ــ دەپ يېنىپ سۇغا
كىرىپ كېتىپتۇ.

بوۋاي ئالدىراش ئۆيىگە كەلسە، ھويلىسىدا تۇلپاردەك بىر ئات باغلاقلىق تۇرغانلىقى-
نى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتالماي تۇرسا، قىز
چىقىپ ئاتقا مىنگۈزۈپ قويۇپتۇ-دە، ئېگەرگە بوۋاينى چىڭ باغلاۋېتىپ:

ــ ئەمدى كېتىۋېرىڭ، ــ دەپ ئاقىۋول تىلەپ قاپتۇ. بوۋاي ئوردىغا بارسا، پادىشاھ
تەييار تۇرغانىكەن.

ــ بىز ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك يەرگىچە چېپىشىمىز، ــ دەپتۇ پادىشاھ. ئۇلار شە-
ھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. دېگەن يېرىگە بوۋاي
چۈش بولماي يېتىپ بېرىپتۇ، پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن كۈن ئول-
تۇرغاندا ئاران يېتىپ كەپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان پادىشاھ سۆزىدىن
تېنىپ:



ــ ئەمدى مەن ئۈچ قېتىم مۆكمەن، ئۈچىلىسىدە مېنى
تېپىۋالساڭ، مەن يېڭىلدىم، ئەگەر تاپالمىساڭ سەن يېڭىل-
سەن، ــ دەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ نائىلاج ماقۇل بولغان-
دىن كېيىن، ئۆيىگە كېلىپ خاپا ئولتۇرغانىكەن، قىز نېمە
بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي ھەممە بولغان گەپنى سۆز-
لەپ بەرگەندىن كېيىن قىز:

ــ پادىشاھ ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئال-
تۇن قەپەسكە بۇلبۇل بولۇپ كىرىۋالدۇ، دەرۋازىنىڭ
ئوڭ يېقىدا شوتا بار، سىز شۇ شوتىنى قويۇپ، قە-
پەسنى ئېلىپ، ئىچىدىكى بۇلبۇلنىڭ بويىنىنى ئۈزۈ-
ۋېتىڭ، ــ دەپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي ئوردىغا بارسا، پادى-
شاھنىڭ مۆكۈپ كەتكەنلىكىنى ئوردى-

دىكىلەر ئېيتىپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارسا، دەرۋازا ئۈستىدىكى ئالتۇن قەپەستە بىر بۇل-بۇل شۇنچىلىك مۇڭلۇق سايراۋېتىپتۇكى، ھەتتا بوۋاي ئۆزىنى بىر دەم يوقىتىپ قويۇپتۇ. بارلىق كۈچىنى يىغىپ، شوتىنى قويۇپ، قەپەسنىڭ ئىچىدىكى بۇلبۇلنىڭ بېشىنى تۇتۇپ يۇلاي دەپ تۇرغاندا:

— ۋاي.. ۋاي! توختا.. توختا!— دەپ پادىشاھ ئەكسگە كەپتۇ، — بۈگۈن بىرىنچى كۈنى مەن يېڭىلدىم، ئەتە يەنە مۈكىمەن.

بوۋاي ئۆيىگە بېرىپ، ۋەقەنى قىزىغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن، قىزى:

— ئەتە پادىشاھ ئوردىنىڭ كەينىگە سېلىنغان ئەسكى ئۆيگە مۈكۈۋالىدۇ، سىز شۇ ئۆيگە كىرسىڭىز، ئۆينىڭ ئىچىدە يوغان ئاق ئىتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارا ئىت كىرگەن ئادەمنى يەۋەتكۈدەك ھاۋشىپ ئېسىلىدۇ، سىز قىلچە قورقماي، قارا ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، بوغۇزلىۋېتىڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي ئوردىغا بارسا، پادىشاھ مۈكۈپ بوپتۇ. بوۋاي ھېچ ياققا قارىماي، ئوردىنىڭ كەينىدىكى ئەسكى ئۆيگە كىرسە، ئىككى چەتتە ئىككى ئاق ئىت، ئوتتۇرىدا قارا ئىت بىلەكتەك زەنجىر بىلەن باغلاقلىق ئىكەن. بوۋاي كىرىشى بىلەنلا، ئىتلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، زەنجىرلىرىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك ئېتىلىپ ھاۋشىپتۇ. بوۋاي بارلىق كۈچ - غەيرىتىنى يىغىپ، قارا ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، بېسىۋېلىپ، يەرگە نىقتاپ، ئۆيدىن ئېلىۋالغان پىچىقىنى چىقىرىپ بوغۇزلاي دەپ تۇرسا، ئىت ئادەم سياقىغا كىلىپ:



— ھوي.. ھوي، توختا، توختا! بولدى.. بولدى، يېڭىلدىم!— دەپ ۋارقىراپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

بوۋاينىڭ پادىشاھقا ئىچى ئاغرىپ، پادىشاھنى قويۇۋېتىپتۇ. پادىشاھ قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «ئەگەر ئۈچىنچى قېتىم مۈكسەم، بۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن جاننىڭ باردا بۇنىڭدىن چاپسانراق قۇتۇلاي» دەپ، توققۇز خوتۇنىنىڭ ئەڭ كىچىكىنى بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ ئايالىنى ئېلىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن قىزىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن دېھقانچىلىقتا داڭقى كەتكەن بىر يىگىتكە بېرىپ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

# تاغ ئىچىدىكى تاغ

بىر قىز باشقىلارغا چاكار بولۇپ ئىشلەش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپتۇ. بىر مۆتىۋەر ئۇ-نى چاكارلىققا ئېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئىشكتىن كىرىشى بىلەنلا مۆتىۋەر ئۇنىڭغا بە-زىبىر ئالاھىدە ئىشلارنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمى باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىكەن. ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئاتىلىشى بار ئىكەن. مۆتىۋەر قىزدىن:

— سەن مېنى نېمە دەپ ئاتىماقچى؟— دەپ سوراپتۇ.

— سىلىنى غوجايىن ياكى ئەپەندى دەپ چاقىراي، قايسىسىنى خالىسىلا شۇنى دەي بېگىم، — دەپتۇ قىز.

— توغرا ئەمەس، مېنى «بەگلەرنىڭ بېگى» دەپ ئاتىشىڭ كېرەك، چۈنكى مەن بارلىق بەگلەرنىڭ بېگى، — دەپتۇ مۆتىۋەر. ئاندىن كارىۋاتنى كۆرسىتىپتۇ،

— خوش، ئەمدى بۇنى نېمە دەپ ئاتىماقچى سەن؟

— ئۇخلاش ئورنى ياكى كارىۋات دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ بېگىم.

— توغرا ئەمەس، بۇنى «ئاق غاز» دەپ ئاتايمىز، ھە، ئەمدى بۇنى نېمە دەي-مىز؟— مۆتىۋەر ئۆزىنىڭ ئىشتىنىنى كۆرسىتىپتۇ.

— ئىشتان ياكى شىم دېسەكمۇ ئوخشاش، سىلىچە نېمە دېسەم بولىدىكىن؟

— ئۇنى «قوش تۇرۇبا» دېگىن. يەنە سوراپ باقاي، بۇنى نېمە دەپ ئاتىماقچى سەن؟— مۆتىۋەر مۈشۈكنى كۆرسىتىپتۇ.

— مۈشۈك ياكى ئاسلان دېسەكمىكىن، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ بېگىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى «بۇرۇت قويۇۋالغان كىچىك مايمۇن» دېيىشىڭ كېرەك.

— ھە، بۇنىچۇ؟— مۆتىۋەر ئوچاقتىكى ئوتنى كۆرسىتىپتۇ.

— يالقۇن ياكى ئۇچقۇندۇ، ئۆزلىرى نېمە دەيلىكىن.

— ئۇنى «قىزىل رەڭلىك كىچىك خوراز»دەپ ئاتىشىڭ كېرەك. ھە، بۇنىچۇ؟— ئۇ سۇنى كۆرسىتىپ.

— سۈزۈك سۇ ياكى پاكىز سۇ دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۆزلىرى بېكىتسىلە بېگىم.

— يەنە خاتا دېدىڭ. بۇنى «پاكلىقنىڭ مۇقەددەس بۇلىقى» دەيمىز. ھە مېنىڭ بۇ ئۆيۈمنى نېمە دەپ ئاتايسەن؟

— ئۆي ياكى تۇرالغۇ دېسەك بولار، يەنىلا ئۆزلىرى دېگەنلىرى تۈزۈك.

— ئۇنى «تاغ ئېچىدىكى تاغ» دەپ ئاتىشىڭ كېرەك.

يېرىم كېچە بولغاندا ئالاقزادە بولغان چاكار ۋارقىراپ ـ جارقىراپ غوجايىنىنى ئويغىتىپتۇ:

— ۋاي، بەگلەرنىڭ بېگى! ئۆزلىرى تېزدىن ئاق غازلىرىدىن چۈشۈپ، قوش تۇرۇبىنى كىيسىلە! قىزىل رەڭلىك كىچىك خوراز بۇرۇت قويغان كىچىك مايمۇننىڭ قۇيرۇقىغا چۈشۈپ كەتتى. تېز بېرىپ پاكلىقنىڭ مۇقەددەس بۇلىقىنى ئېلىپ كەلمىسىلە، قىزىل رەڭلىك كىچىك خوراز سىلىنىڭ تاغ ئېچىدىكى تاغلىرىنى يەۋېتىدىغان بولدى!



# ئاچ كۆز باي

زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ بولغان چاغلارنىڭ بىرىدە، بىر مالنى ئىككى، بىر پۇلنى ئۈچ قىلغىچە جېنى سىرقىراپ، كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرىدىغان سوپى دېگەن بىر باي بولغانىكەن. ئۇنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ گۆھەر تۇغىدىغان بىر مېكىيىنى بار ئىكەن. تەلىيىگە يارىشا قېيىنئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، گۆھەر تۇغۇدىغان ئاق مېكىيان ئۇلارغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېكىيان ئادىتى بويىچە كۈندە بىردىن گۆھەر تۇخۇم تۇغۇپ تۇرۇپتۇ. باي بۇ گۆھەرنى سېتىپ، دۇكان ئېچىپتۇ ۋە كۈندىن ـ كۈنگە سودىسى ياخشى بولۇپ، دۇكىنى تۈرلۈك ماللار بىلەن تولۇپتۇ ـ دە، بارا ـ بارا بايلار ئىچىدە ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈپتۇ.



بۇنى كۆرگەن باي توخۇنىڭ كۈندە تۇغىدىغان بىر تۇخۇمىغا قانائەتلەنمەي، توخۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق گۆھەرنى ئېلىپ، بىردىنلا پۈتكۈل دۇنيادىكى ئېسىل خەزىنىلىرى بار بايلار قاتارىغا ئۆتۈشنى ئويلاپتۇ ـ دە، ئايالىدىن ئوغرىلىقچە ئاق مېكىياننى سويۇپتۇ، لېكىن مېكىياننىڭ ئىچىدىن باي كۈتكەن گۆھەرلەرنىڭ بىرىمۇ چىقماپتۇ.



# تاي بىلەن بالا

بۇرۇن بۇرۇندا، تىرىق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا چاغدا بىر ئەر ـ ئايال ياشاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ بالىسى زىرەك، تۆيغۇن، سۆزگە ئۇستا، ئەقىللىك ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى شەھەردىكى مەدرىسەلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتۇپتۇ. مەدرىسەدە ئاز كۈن ئوقۇپلا، بارلىق بالىلاردىن ياخشى ئوقۇپ، ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەيلا، دادىسى باشقا ئايالغا ئۆيلىنىۋاپتۇ.

بىر كۈنى دادىسى بالىسىغا ئات ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، بازارغا بېرىپ ئات تاللاپتۇ. ئاتا ـ بالىغا شۇنچىلىك ياخشى ئاتلار ئۇچراشسىمۇ، بالىسى ئۇلارنى ياراتماي، ئۈچىنچى كۈن دېگەندە ئۇلارغا ئورۇق چاپاق بىر تاي ئۇچرىشىپتۇ. بالا شۇ تاينى ئالىمەن دېگەنىكەن، دادىسى دەسلەپ ئۇنىماپتۇ، لېكىن بالا يىغلاپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، يالغۇز ئوغلىغا قىيالماي، تاينى بالىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بالا خۇشال ئۆيگە كېلىپ، تاينى كۈن كۆرسەتمەي قىرىق بىر كۈن باققاندا، ئۇ ئاجايىپ بىر تۇلپار بولۇپ چىقىپتۇ.

بالا چوڭ بولغانسېرى ئۆگەي ئانىنىڭ بالىغا نەپرىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپتۇ. ئاخىر بالىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بالا كۈندە مەدرىسىدىن يانغاندا تاينى يوقلاپ، ئاندىن ئۆيگە كىرىدىكەن. بىر كۈنى ئادىتى بويىچە تاينىڭ يېنىغا كىرسە، ئۇ يىغلاپ تۇرغانىكەن.

— نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن؟— دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ بالا. تاي:

— بۈگۈن ئۆگەي ئاناڭنىڭ پەيلى بۇزۇلدى. سېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا كىردى. بۈگۈن ساڭا ئاتاپ ئوغا سېلىپ مانتا ئېتىپ قويدى، سەن ئۆيگە كىرگەندە ئۆگەي ئاناڭ خۇشال بولۇپ «مانتا يە!» دەپ بېرىدۇ. سەن «تالادا يەيمەن» دەپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ، قاسساپ خوشناڭلارنىڭ ئىتىغا بېرىۋەت. شۇندىلا سېنىڭ ھاياتىڭ ساقلىنىپ قالىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ. دېگەندەك، بالا ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئۆگەي ئانىسى خۇشاللىق بىلەن بالىسىغا:

— ساڭا مانتا ئېتىپ قويغان، مانا يە، — دەپ ئېلىپ قويغان مانتىنى بەرگەنىكەن، بالا:

— ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىقكەن، تالادا يەيمەن، — دەپ ھويلىسىدا يۈرگەن قاسساپنىڭ ئىتلىرىغا تاشلاپ بەرگەنىكەن، ئىتلار يەپ بولۇپلا غىڭشىپ يىقىلىپ، قېتىپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىردە بالا مەدرىسەدىن قايتىپ، ئېغىلدىكى ئېتىنىڭ يېنىغا كىرسە، يەنە ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىسا:

— ئاناڭ بۈگۈن ئۆيۈڭلەرنىڭ بوسۇغىسىغا ئورا كولاپ، ئىچىگە قوقاس سېلىپ قويدى، ئىچىگە چۈشۈپ كەتسەڭ ھاياتىڭ شۇ يەردە تۈگەيدۇ، — دەپتۇ ئات.

— نېمە ئامال بار؟

— سەن ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپ ئاناڭغا قاراپ: «بۈگۈن بىزگە موللام مۇنداق ئويۇن ئۆگەتتى» دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەت. چىقىدىغان ۋاقتىڭمۇ شۇنداق قىل. سېنىڭ ئورىغا چۈشمەيدىغانلىقىڭغا كۆزى يېتىپ، ئورىنى تىندۇرۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ ئات.

بالا ئۆيگە كىرسە، دېگەندەك بوسۇغىسى يېڭى سۇۋالغانىكەن. ئۆگەي ئانا بالىنى كۆرۈپ:

— ئۆيگە كىر، بوسۇغىنى دەسسىۋەرگىن، قېتىشىپ قالدى، — دېگەنىكەن، بالا:

— ئانا، بۈگۈن بىزگە موللام مۇنداق ئويۇن ئۆگەتتى قاراڭ، — دەپ بوسۇغىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. چىقىدىغان ۋاقتىمۇ شۇنداق دەپ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئورىنى تىندۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك قىلىۋەتكەندىن كېيىن بالىنىڭ كۆڭلى تىنىپتۇ. ئارىدا يەنە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالا خېلى ئەقىلگە كىرىپتۇ. بىر كۈنى ئېتىنىڭ يەنە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— بۈگۈن ئاناڭ ساڭا چاپان تىكىپ قويدى. سەن ئۇنى كىيمە. چۈنكى چاپاننىڭ ھەممە يېرىدە ئوغا بار. چاپاننى كوچىغا ئاپچىقىپ كۆمۈپ تاشلا، — دەپتۇ.

دېگەندەك، ئۆيگە كىرسە، ئۆگەي ئانا چاپان تىكىپ قويغانىكەن، چاپاننى ئېلىپ:

— تالادا كىيىمەن، — دەپ ئېلىپ كوچىغا چىقىپ، بىر ئېرىقنىڭ بويىنى كولاپ، كۆمۈپ تاشلاپتۇ.



ئۆگەي ئانا بالىنى يوقىتىشنىڭ ھېچبىر ئامالىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئاتنى يوقاتماي تۇرۇپ، بالىنى يوقىتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۆگەي ئانا يالغان

ئاغرىپ يېتىۋالغاندا، يولدىشى ئاتاقلىق تېۋىپلارنى چاقىرتىپ كۆرسەتسىمۇ، ھېچقايسىسى ئاغرىقنى تاپالماپتۇ. بىر تېۋىپ ئاغرىقنى تاپالماي ھەيران تۇرغاندا، ئۆگەي ئانا ئۇ تېۋىپقا:

— سىز يولدىشىمغا: «ئەگەر ئايالىڭىز قىرىق بىر كۈن كۈن نۇرىنى كۆرمىگەن ئاتنىڭ گۆشىنى يېسە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ» دەڭ، دەپ سۆز ئۆگىتىپ، نۇرغۇن ئالتۇنلارنى بېرىپتۇ.

تېۋىپ ئايالنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يولدىشىغا ئېيتقانىكەن، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئويلىنىپ قاپتۇ. يولدىشىنىڭ شۇنداق ئويلىنىپ، قىينىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئۆگەي ئانا:

— مېنى ساقايمىسۇن دېسىڭىز، ئاتنى سويماڭ، ئەگەر مەن كېرەك بولسام، بىر ئاتنى نېمانچىۋالا ئاياپ كەتتىڭىز؟ جان بولسا ئۇنداق ئاتتىن نەچچىسى كېلىدۇ، — دەپ ئېرىنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ئاخىر بالىنىڭ دادىسى ئاتنى سويماقچى بوپتۇ. بالا مەدرىسەدىن قايتىپ ئېتىنىڭ يېنىغا كىرسە، ئات يىغلاۋاتقانىكەن. نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا:

— مەن سېنى ئۈچ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇم، سەن ئەمدى مېنى بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇر. داداڭ مېنى ئەتە سويماقچى. تېۋىپ ئاناڭغا مېنىڭ گۆشۈمنى يېيىشكە بۇيرۇدى. ئاناڭ گۆشۈمنى يېمەكچى، — دەپتۇ تاي.

— مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرقاچان تەييار، بىراق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بەر.

— ئەتە سەن ئوقۇشۇڭغا بېرىۋەرگىن، ئەمما قۇلىقىڭنى ئۆيگە تىكىپ تۇر، مېنى داداڭ ئوقۇردىن يەشكەندە بىر كىشنەيمەن، ئېلىپ چىققان ۋاقتتا ئىككىنچى قېتىم كىشنەيمەن، پۈتلىرىمنى باغلىغاندا ئۈچىنچى قېتىم كىشنەيمەن، ئەگەر ئۈچ كىشنىگىچە ئۆيگە يېتىپ كەلمىسەڭ، مېنىڭدىن تامامەن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ تۇلپار.

بالا ئەتىسى ئوقۇشقا بارمايمەن دېگىنىگە قارىماي، ئانىسى ئەۋەتىۋېتىپ، ئاتنى سويۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. مەدرىسەدە قەپەستىكى قۇشتەك نېمە قىلارىنى بىلمەي، مېڭىبىر ئويلارغا بېرىلىپ ئولتۇرغاندا، ئات ئاچچىق بىر كىشنەپتۇ. بالا موللىسىدىن تالاغا چىقىپ كىرىشنى سورىغانىكەن، موللا رۇخسەت بەرمەپتۇ. ئىككىنچى قېتىم كىشنىگەندە يەنە رۇخسەت سوراپتۇ. لېكىن موللا يەنە رۇخسەت بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا موللىسىنىڭ رۇخسىتىگە قارىماي، قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ ئۆيگە ئاز قالغاندا ئات ئۈچىنچى قېتىم كىشنەپتۇ، بالا ئۆيگە ئېتىلىپ كىرسە، ھويلىسىدا ئاتنى ياتقۇزۇپ، پىچاق سۈركىگىلىۋاتقانىكەن، بالا دادىسىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىپ، ئاتنىڭ پۇتىنى باغلىغان ئارغامچىنى كېسىپ تاشلاپ، تۇلپارغا مىنىپتۇ-دە، يىغلىغان خەلققە قاراپ:

— ھەي خالايىق، مېنى ئۈچ قېتىم ئۆلتۈرۈشكە تىرىشقان ئۆگەي ئانام ياخشىمۇ ياكى مېنى ئۈچ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان ئېتىم ياخشىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

بىرى: «ئېتىڭ ياخشى» دېسە، يەنە بىرلىرى «ئاناڭ ياخشى» دېيىشكە باشلاپتۇ. بالا:

— مېنى ئۆچ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان ئېتىم ياخشى، — دەپ ھويلىدىن ئاتنى ئۈچقاندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆچ كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدا بىر شەھەر كۆرۈنۈپ، ئاتنى توختاتقانىكەن، ئات:

— مەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بولىمەن، بىراق سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمەن، مۇبادا بېشىڭغا بىرەر ئىش كۈن چۈشسە، مۇنۇ تۈكۈمنى كۆيدۈر، — دەپ تۈكىنى بېرىپ، خوشلىشىپتۇ.

بالا شەھەرنىڭ بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرسە، پادىشاھنىڭ ياللاقچىلىرى پادىشاغا «بۇ ئوغرى بىزگە كۈن بەرمەيدۇ، بايلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدۇ» دەپ بالىنى بىكاردىن - بىكار پادىشاھقا چېقىپتۇ:

پادىشاھ:

— ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دېگەنىكەن، بالىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ:

— پادىشاھي ئالەم، بۇ گۇناھسىز ياش يىگىتنى ئۆلتۈرۈش ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ چېتىدىكى چۆلنى باغ قىلىش جازاسى بېرەيلى، — دېگەنىكەن، پادىشاھ رازى بوپتۇ.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھ سول قول ۋەزىرىگە:

— سەن بېرىپ ھېلىقى بالىنىڭ تىرىك بولسا، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆلگەن بولسا، قاچان، قەيەردە ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ كەل، — دەپ ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر بېرىپ ئۇ يەرنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق باغقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھىم، ئۇ بالا قاقاس چۆلدىن شۇنچىلىك چىرايلىق باغ ياساپتۇكى، ئۇ باغ سىزنىڭ دەم ئالىدىغان ئەتىيازلىق، يازلىق، كۈزلۈك باغلىرىڭىزدىنمۇ قېلىشمايدىكەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپكە ئىشەنمەي، ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ، چۈنكى سول قول ۋەزىرىنىڭ قورقۇنچاق، ماختانچاق ۋە يالغانچى ئىكەنلىكىنى پادىشاھ بىلەتتىكەن. ئوڭ قول ۋەزىرىمۇ سول قول ۋەزىرىدەك ماختاپ كەلگەنىكەن، پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، قىزلىرىم ئويناپ كەلسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۆچ قىزى بېرىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ئويناشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئەڭ كىچىك قىزى چۆلنى باغ قىلىۋەتكەن يىگىتنى كۆرۈش ئارمىنى بىلەن يىگىتنى ئىزدەپ، ئاخىر قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن قىزىلگۈلنىڭ ئارىسىدا ياتقان يېرىدىن تېپىپتۇ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پادىشاھ قىزى قىزىلگۈلدەك دېھقان يىگىتكە تويماي قاراپ قاپتۇ. ھەدىلىرى «كېتىمىز» دەپ چاقىرغاندىن كېيىن ئاستا ھەدىلىرى تەرەپكە بېرىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ

مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى بالا ئۆستۈرگەن باغنىڭ مېۋىلىرىنى «دادىمىز يېسۇن» دەپ ياغلىقلىرىغا ئېلىۋاپتۇ. كىچىكى يەرگە چۈشۈپ، پۈرلىشىپ قالغان ئالمىلارنى ئاپتۇ، ئىككى ھەدىسى بولسا ئەڭ ياخشى پىشقان ئالمىلارنى ئېلىپ بارسا، پادىشاھ ئىككى چوڭ قىزىنىڭ ئالمىلىرىنى يېسە بىر - بىرىدىن تېتىقسىز بىلىنىپتۇ، كىچىكىنىڭكىنى يېسە شۇنچىلىك تېتىملىق ئىكەن، پادىشاھ ئۆمرىدە ئۇنداق ئالمىنى يېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالماپتۇ. ئالمىلارنى يەپ بولۇپ، «يەنە بولسا!» دەپتۇ. ئالمىلارغا تەم كىرگۈزگىنى بالىنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ قىزلىرىنىڭ توينى قىلماقچى بولۇپ، «قىزلىرىم كىمنى خالىسا، شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ شاھزادىلەرنى ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ بالىلىرىنى يىغىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەگەر قىزلىرىم ئالمىلارنى كىمگە ئاتسا، شۇنىڭغا بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئىككى چوڭ قىزى ئالمىلارنى ياخشى كۆرگەن شاھزادىلەرگە ئېتىپتۇ، كىچىكى ھېچكىمگە ئاتماي، جىم تۇرغانىكەن، پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ساڭا كىم كېرەك؟— دەپ سوراپتۇ.

— باغدىكى دېھقان بالىسى، — دەپتۇ قىز.

بالىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، قىز ئالمىسىنى شۇنىڭغا ئېتىپتۇ. پادىشاھ ئۈچ كۈيۈ ئوغلىغا قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. دېھقان بالىسى قىزغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقتىن، قىز بالىنى كېكەچمىكىن دەپ ئويلاپ يىغلايدىكەن. بىر كۈنى بالا:

— سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟ مەن كېكەچ ئەمەس، گەپ قىلىمەن، — دېگەنىكەن، قىز شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

قىزنىڭ دادىسى:

— سەن پادىشاھ قىزى تۇرۇپ، شاھزادىلەرنى ياراتماي، نەدىكى بىر كېكەچكە تېگىۋالدىڭ، — دەپ ئۇلارغا ئات ئېغىلىدىن ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۈچ كۈيۈ ئوغلىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا «ئۈچىيى تاتلىق، گۆشى ئاچچىق قۇش ئېلىپ كېلىڭلار» دەپتۇ. ئۈچىلىسى «خوپ» دېيىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بالا ئاتنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئات پەيدا بولۇپ:

—بېشىڭغا نېمە غەم چۈشتى؟— دەپتۇ.

— پادىشاھ ئۈچىيى تاتلىق، گۆشى ئاچچىق قۇش تېپىپ كېلىڭلار دېدى، — دەپتۇ بالا.

— سەن جاڭگالدىكى ئىككى كۈيۈئوغۇلنىڭ ئوڭ مۈرىلىرىگە تامغا بېسىپ، شۇ يەردىن بىر قۇش ئېتىپ، ئۈچىيىگە ئات تېزىكى سېلىپ قوي، — دەپتۇ ئات.

بالا ئاتنى مىنىپ، شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ جاڭگالدا يۈرسە، ئىككى ئاكىسى شۇ يەردە قۇش

ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. ئاتنىڭ ئەقلىگە كىرىپ، پادىشاھتەك ياسىنىۋالغان بالا، ئۆزىنىڭ چوڭ ئىككى باجىسىنى چاقىرىپ، ئىككىلىسىنىڭ ئوڭ مۈرىلىرىگە تامغا بېسىپ قويۇۋېتىپتۇ. كەچقۇرۇن قۇشنى ئېتىپ كېلىپ، يۇڭداپ بولۇپ، ئۈچىيىگە ئاتنىڭ تېزىكىدىن تىقىپ، پىشۇرۇپ كەلگەن تېزەكىنىمۇ ئالىرىلاشتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. تېزرەك چاينىۋالغان پادىشاھ، قىزىغا تېرىكىپ:

— مۇنۇ نېمە؟ — دەپ ئۈچەيىنى قىزىنىڭ ئالدىغا تاشلىغانىكەن، قىز:

— دادا، كەچۇرۇڭ، ياشاۋاتقان يېرىمىز ئات ئېغىلى بولغانلىقتىن، ئارىلاشىسمۇ ئارىلاشقاندۇ. بىز نىڭمۇ يەۋاتقىنىمىز شۇ، — دېگەنىكەن، دادىسى قاتتىق ئۇيۇلۇپ، ئۇلارنى ئوردىغا كۆچۈرۈپتۇ.

ئىككىنچى قېتىمدا پادىشاھ كۈيئوغۇللىرىغا يەنە باشقا شەرت قويۇپ:

— دۇنيادا ئەڭ ياخشى سايرايدىغان قۇش تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بالا يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئايالىغا:

— مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىمەن، سەن مېنى قارشى ئالغاندا، يۇچۇق ھېجىردە سۇ ئاچىققىن. مېنىڭ ياسىنىپ كېتىشمىگە قاراپ، يىراقتىن كۆرۈپلا ئىككى ھەدەڭ: «مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ» دەيدۇ. سەن تۇرۇپ «كېكەچ، مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ» دېگىن. ئۇلار ساڭا ئىشەنمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن ئۇلارغا: «ئەگەر مېنىڭ بولسا، ئىككىڭلار ئۆلگىچە ماڭا قۇل بولامسىلەر؟» دېگىن، دەپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن «كۈيئوغۇللار كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلگەندە، پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى ئالدىغا چىقىپ قارىسا، پادىشاھلاردەك كىيىنىۋالغان، ئېتىنى قاراپ تۇرغۇدەك ياسىۋەتكەن بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ چوڭى.

— ياق، مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ، ئەنە، كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ — دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

— ئىككىڭلارنىڭ ئەمەس، مېنىڭ كېكەچىم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەڭ كىچىكى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچى بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ قاپتۇ.

— ئەگەر سېنىڭ كېكەچىڭ بولسا، ئەسكى چاپانلارنى كىيىپ، ئېشەككە قىڭغىر مىنىپ، كۆيۈپ كەتكەن كېسەككە قۇشنى ئولتۇرغۇزۇپ كېلەتتى، — دېيىشىپتۇ ئىككى ھەدىسى.

— نەدىن بىلىسىلەر؟

— ھەرقاچان شۇنداققۇ.

— ئەگەر ئاشۇ كېلىۋاتقان مېنىڭ بولسا، ئىككىڭلار ماڭا ئۆلگىچە قۇل بولامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ كىچىكى.

— بولىمىز، — دەپ ۋەدە بېرىپ، قەسەملەرنى ئىچىشىپ كېتىپتۇ ئىككى ھەدىسى. يېقىن كېلىپ قارىسا، راست دېگەندەك كېكەچ ئىكەن. ئىككى ھەدىسى سىڭلىسىدىن

يېڭىلىپ، ئېيتقان سۆزلىرىدە تۇرۇشۇپتۇ. ئىككىسى ھېچنېمە تاپالماي، قايتىپ كېلىشىپتۇ. پادىشاھ «كېكەچ» ئوغلىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قۇشقا رازى بولۇپ، خەلقنى يىغىپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سورىغانىكەن، بالا مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان كۈنىدىن باشلاپ تاكى مۇشۇ سۆزنى سۆزلەۋاتقىچە بولغانلارنىڭ بىرىنمۇ قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىغا تامغا باسقانلىقىغا ئىشەنمىگەنىكەن:

— يالغان بولسا، ئىككىلىسىنىڭ ئوڭ مۈرىلىرىگە قاراڭ، — دەپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك ئۇلاردا تامغىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. پادىشاھ خەلقئالەم ئالدىدا تەختتىن چۈشۈپ، تاجنى دېھقان بالىسىغا كىيگۈزۈپ، پادىشاھلىقنى شۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئىككى چوڭ ھەدىسى قىزنىڭ باش كېنىزەكلىرى بولۇپ، ئىككى ئاكىسى بالىنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىرلىرى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان بالىسى ۋە پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

## نان، دان، يەم ئېلىپ كەل



بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماينىڭ دۇنيادا بىرلا بالىسى بولغانىكەن. ئۇنى ئىشقا بۇيرۇماي، تىللىماي، ئۇرماي ئۆستۈرۈپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي بىلەن موماي ئولتۇرۇپ:

— بالىمىز بىزدىن كېيىن قالسا خاپىچىلىقتا قالمىسۇن، — دەپ بالىسىنى چاقىرىپ، بالىغا ئون تىيىن بېرىپ:

— بازاردىن ئۆزىمىزگە نان، توخۇلارغا دان، ئېشەككە يەم ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

بالا بازارغا بېرىپ، ئون تىيىنغا نان ئالاي دېسە، دان بىلەن يەمگە يەتمەيدۇ، دان ئالاي دېسە، نان بىلەن يەمگە يەتمەيدۇ، يەم ئالاي دېسە، نان بىلەن دانغا يەتمەيدۇ. نېمە ئالارىنى بىلمەي، ئويلاپ ـ ئويلاپ تاپالماي بىر قوغۇن سېتىۋاتقان بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

قوغۇنچى بوۋاي ئويغا چۆمۈپ كەتكەن بالىنى كۆرۈپ «دەردى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، بالىدىن:

— هوي بالام، نېمانچىلا ئويلىنىپ كەتتىڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا - ئانام ئون تىيىنغا ئۆزىمىزگە نان، توخۇلارغا دان، ئېشەككە يەم ئېلىپ كەلگىن دېگەن، مەن نېمە ئالارىمنى تاپالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي بالىغا يوغان بىر قوغۇن بېرىپ:

— مە، مۇنۇ قوغۇننى ئاتا - ئاناڭغا ئاپىرىپ بەرگىن، يەپ باقسۇن، — دەپتۇ. بالا قوغۇننى ئۆيگە ئاپىرىپ ئاتا - ئانىسىغا:

— مۇنۇ قوغۇننى سىلەرنى يەپ باقسۇن دەپ بىر قوغۇنچى بوۋاي بەردى. سىلەرنىڭ بۇيرۇغىنىڭلارنى تاپالمىدىم، — دەپ تىيىننى بېرىپتۇ.

— قوغۇنچى بوۋاي ھېچنېمە ئېيتمىدىمۇ؟— دەپتۇ بوۋاي.

— ياق، ئېيتمىدى.

— بىر قوغۇن بازاردا قانچە پۇل ئېكەن؟

— ئون تىيىن.

بالا، ئاتا - ئانىسى ئۈچى قوغۇننى يەپ تويۇپتۇ. بوۋاي بالىغا:

— تويدۇڭمۇ؟— دەپتۇ.

— ھېچقاچان مۇنداق تويمىغان، — دەپتۇ بالا.

— قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى توخۇلارغا بېرىپ، شاپىقىنى ئېشەككە بەرگىن، — دەپتۇ بوۋاي.

بالا قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى توخۇلارغا، شاپىقىنى ئېشەككە بېرىپتۇ.

— ئەمدى ئون تىيىنغا ئۆزىمىزگە نان، ئېشەككە يەم ئېلىپ كېلەلەمسەن؟— دەپتۇ دادىسى.

بالا ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئون تىيىنلىق بىر قوغۇنغا ئۆزى، ئاتا - ئانىسى، توخۇلىرى، ئېشىكىنىڭ تويغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، «ئەكېلىمەن» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

## ئەخمەق ئىزدىگەنلەر ئەخمەق

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتۈپتىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئىككى ۋەزىرىگە:

— ماڭا ئەخمەق تېپىپ بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئىككى ۋەزىرى يولغا چىقىپ، كىمنى ئېلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىرى:

— ئەگەر بىر ئەخمەق تېپىپ بارمىساق، پادىشاھ بىزنى جازالايدۇ، كىمنى ئېلىپ بارساق بولار؟— دەپتۇ. ئىككىنچىسى:

— «كىمنى ئېلىپ بارساق بولار» دېگەننۇ سۆزمۇ؟ قانداقلا ئادەم ئۇچراشسا، شۇنى ئېلىپ بارىمىز. «پادىشاھ چاقىرىۋاتىدۇ» دېسەك، ئەلاجسىز بارىدۇ، — دەپتۇ.

ئىككى ۋەزىر يولدا كېتىۋېتىپ، تاغدىن ياغاچ توشۇۋاتقان بىر كىشىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ياغىچىڭنى تاشلا، پادىشاھ سېنى چىللاۋاتىدۇ، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

—ياغاچلىرىمنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ بارسام، پادىشاھ مېنى نېمىگە چاقىرىدىكەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھنىڭ نېمىگە چاقىرىدىغانلىقىنى سوراپ نېمە قىلسەن؟ ئەخمەق تېپىپ كېلىڭلار دېگەن، تېز ماڭ!— دەپ ئالدىرىتىپتۇ.

— ياق، يىگىتلەر، قارىغاينى ئەمگەك قىلىپ ئېلىپ كەلدىم. بۇنى يولغا تاشلىۋېتىپ بارمايمەن، — دەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئىككى ۋەزىر يەنە مېڭىپ، يولدا بىر ئايالغا يولۇقۇپتۇ.

— يەڭگە، سىزنى پادىشاھ چىللاۋاتىدۇ، چاپسان بولۇڭ، — دەپتۇ.

— بالىلىرىم، ئايال كىشىنى نېمە ئۈچۈن چاقىرتىپتۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئايال.

— ئۇنى بىلمەيمىز، ئەخمەق تېپىپ كېلىڭلار دېگەن، — دەپتۇ ئىككى ۋەزىر. ئايال رەنجىپ:

— مۇشۇ كەمدە سىلەردەك بىكار يۈرگەن كىشى ئەخمەق بولماي، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپ يۈرگەن كىشى ئەخمەق بولامدۇ! ئەخمەق تاپىدىغان يەردىن تېپىڭلار. مەن بارمايمەن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ۋەزىر قانداقلا

ئادەم ئۇچراشسا، زورلۇق بىلەن پادىشاھ-
نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا قارار قىپتۇ. ئۇلار
يەنە كېلىۋېتىپ، يەر ھەيدەۋاتقان دېھقانغا يولۇ-
قۇپ:

— ۋاي، دېھقان ئاتا، يۈرۈڭ، سىزنى پادىشاھ
چىللاۋاتىدۇ، — دەپتۇ. دېھقان:

— ئىش قىلىۋاتقان چاغدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا
بارمايمەن، — دەپتۇ.

— كۆپ سۆزلىمەي ماڭ، پادىشاھ ئەخمەق تېپىپ
كېلىڭلار دېگەن. سەن ئەخمەق ئىكەنسەن، — دەپ-
تۇ ۋەزىرلەر.

ۋەزىرلەرگە دېھقاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سىلەرگە بۇ يەردە ئەخمەق كىشى
يوق. نەدىن كەلگەن بولساڭلار، شۇ يەرگە
كېتىڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ۋەزىرلەر:

— ئۇنداق بولسا، ئەخمەقنى تېپىپ
بەرگىن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار، كۈن ئىس-
سىپ كەتتى، يەر قۇرۇپ كەتمىسۇن،
ۋاقتىدا تېرىۋالاي، — دەپتۇ دېھقان.
ۋەزىرلەر «ياكى ئۆزۈڭ بارىسەن، ياكى
ئەخمەق تېپىپ بېرىسەن» دەپ چىڭ
تۇرۇۋاپتۇ. دېھقان ئويلىنىپ تۇ-
رۇپ:



— ماقۇل، مەن ئەخ-
مەقنى ئېيتىپ بېرەي.
ئەخمەق تېپىپ كې-
لىڭلار دېگەن پادى-
شاھنىڭ ئۆزى ئەخمەق ياكى ئەخ-
مەق ئىزدەپ يۈرگەن ئىككىڭلار ئەخمەق.

بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەخمەقنى يەر يۈزىدىن تاپالمايسىلەر، — دەپتۇ دېھقان.
ۋەزىرلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
— سەن پادىشاھنى ئەخمەق دېدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭنى پادىشاھقا ئېيتىمىز، — دەپ
قورقۇتۇپتۇ.
— مەن ئۆزۈم دېگەندەك ئېيتىڭلار، — دەپتۇ دېھقان.
ۋەزىرلەر بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ:
— شۇ دېھقاننىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي باغلاپ كېلىڭلار، — دەپ ھېلـ
قى ئىككى ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ.
دېھقان پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.
— سەن مېنى ئەخمەق دەپسەن، قايسىمىزنىڭ ئەخمەقلىقى ھازىر مەلۇم بولىدۇ. خۇدا
قەيەردە تۇرىدۇ؟ ئېيتىپ بەر، — دەپتۇ پادىشاھ.
— پادىشاھى ئالەم، مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن پادىشاھقا ئەقىل ئۆگىتىپ، خۇدانىڭ
قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەم، يارىماس. ئىككىمىز كىيىم يەڭگۈشلەيلى، مەن
پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇراي، سىز تۆۋەندە تىزلىنىپ تۇرۇڭ، شۇنىڭدىن كېيىن سوئال-
لىرىڭىزغا تولۇق جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ دېھقان.
پادىشاھ رازى بولۇپ، ئۆزى دېھقاننىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيىپ، پەستە تىزلىنىپ تۇ-
رۇپتۇ. دېھقان پادىشاھ بولۇپ يىگىتلەرنى قىچقىرىپتۇ.
— سىلەر شۇ چاغقىچە ئەخمەقلەرنى تاپالماي يۈرۈپسىلەر. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەخمەق
بولمايدۇ! ئاپىرىپ، بۇ ئەخمەقنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ دېھقان.
خەلققە زۇلۇم سالغان پادىشاھنىڭ بېشى كېسىلىپتۇ. دېھقان پادىشاھ بولۇپ، يۇرتنى
ئادىللىق بىلەن سورىغانىكەن.

## موماي بىلەن بۆرە

راستىمكىن، يالغانمىكىن ئىشقىلىپ بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى بىر موماي بولغا-
نىكەن. ئۇنىڭ بالىسى ياكى قېرىنداشلىرى يوق ئىكەن، ئەگەر قېرىنداشلىرى بولغان بولسى-
مۇ ئاللىقاچان كۆڭۈللىرى سوۋۇپ، بېزىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ موماي
يېزىنىڭ چەت بىر يېرىدىكى ئېرىدىن قالغان كۇزلەكتە يالغۇز ئۆزى ياشايدىكەن. ئۇ موماي-
نىڭ بارى - يوق بىرلا قوزىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا توخۇ ياكى ئىت دېگەن نەرسىسى
يوق ئىكەن. شۇ قوزىسى بىلەن مەلەك بولۇپ، ئۇزۇن كۈنلەرنى قىسقارتىپ، كۆڭۈلسىز
چاغلىرىنى خۇش قىلىپ يۈرۈيدىكەن. موماي ئۇ قوزىسىنى تاغنىڭ ئاياغ بېسىلمىغان جايلى-
رىدىكى ئەڭ مەيىن ئوتلاردىن، ئەڭ سۈزۈك ۋە سالقىن بۇلاق سۇلىرىدىن ئەكېلىپ باقىدى-
كەن. ئەتە - ئاخشىمى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، موماي تاغقا كەتكەندە:
«ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغىن، مەن كەلمەي تۇرۇپ تالا - تۈزگە چىقمىغىن، ئىشىكنى مې-
نىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئېچىپ بەرمىگىن» دەپ قوزىسىنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ كېتى-
دىكەن. موماي تاغنىڭ ئاياغ بېسىلمىغان يەرلىرىدىكى يايپېشىل ۋە ئەڭ يۇمشاق ئوتلارنىڭ
ئۇچلىرىدىن تېرىۋېلىپ، تاغارغا سالىدىكەن، سالقىن ۋە ئەڭ سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن بىر
كومزەككە ئالىدىكەن-دە، كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن چاغلاردا قايتىپ كېلىدىكەن ۋە:



تۇر، تۇر قوزام، تۇر، تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر، تۇر، قوزام، تۇر، تۇر،
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم.

دەيدىكەن.

قوزا مومايىنىڭ بۇ شەرتلىك چاقىرىقىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاچىدىكەن ۋە
مومايىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئوتلىرىنى يەپ، سۈيى-
نى ئىچىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن موماي ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، سەيلە قىلىدىكەن. بۇ
قوزىغا كۆپتىن بېرى بىر بۆرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى يېيىشنىڭ قەستىدە يۈرگەنىكەن، لې-

كىن يىيىشنىڭ ئىپىنى زادى تاپالماي يۈرۈيدىكەن، چۈنكى ئۇ قوزا ئەتە ـ ئاخشىمى مومايدىن ئايرىلمايدىكەن. كۈندۈزلىرى موماي تاغقا كەتكەن ۋاقىتلاردا بولسا، ئۆيدىن تاشقىرى چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موماي تاغقا كەتكەن چاغدا، ئۇ بۆرە قوزىنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى پايلاپ بىر بۇك تىكەن تۈۋىدە ئۇزاق ماراپ يېتىپتۇ. لېكىن قوزا چىقماپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماي قايتىپ كەپتۇ، بۆرە بولسا ئەلەمدىن قۇرۇق ئاغزىنى كۆشەپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسمۇ خۇددى مومايىنىڭ تاغقا كېتىپ قالغان ۋاقتىدا كېلىپ، يەنە ماراپ يېتىپتۇ. لېكىن بىر دەم كۈتۈپ يېتىپ، قوزا چىقمىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئۆيىنىڭ پەنجىرىگە كەپتۇ ـ دە، ئالداپ كۆرۈپتۇ، قورقۇتۇپ كۆرۈپتۇ، ئەمما چىقىرالماپتۇ، پەنجىر ۋە ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ كۆرۈپتۇ، ئەمما ئىچكىرىگە كىرەلمەپتۇ. قوزا ئۈن چىقارماي جىمجىت تۇرۇۋاپتۇ. شۇ ئارىدا يەنە موماي كېلىپ قاپتۇ ـ دە، بۆرە تېخىمۇ ئەلەم بىلەن «توختاپ تۇر، خەپ سېنى!» دەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆرە مومايىنىڭ ئىشىكنى نېمە دەپ ئاچۇرۇشنى ئۆگىنىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ، ئەتىسى دەل موماي كېلىدىغان ۋاقىتتا ئۆيگە يېقىن بىر دالدا يەرگە مۆكۈۋېلىپ، قۇلاق سېلىپ يېتىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، موماي بىر تاغاردا يۇمشاق ئوت، بىر كومزەكتە سۈزۈك سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ:



تۇر، تۇر قوزام، تۇر، تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر، تۇر، قوزام، تۇر، تۇر،
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم.

دېگەنىكەن، قوزا ئىشىكنىڭ ئۈلگۈجەكلىرىنى شاراققىدە ئېچىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەركىلەپ ئويناقلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بۆرە كۆڭلىدە: «ئەمدى تىلىڭنى بىلدىممۇ، دېمەك ئەتە قولۇمغا چۈشىسەن» دەپ كېتىپتۇ. بۆرە بىر جاڭگاللىققا بېرىپ، ئەتىسى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن هالدا، تاڭ ئاتقۇچە مومايىنىڭ ھېلىقى شېرىنلىك سۆزلىرىنى يادلاپتۇ.

تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا، موماي تاغار بىلەن كومزىكىنى كۆتۈرۈپ تاغقا كېتىپتۇ. بۆرە ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى بىردەم ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ ـ دە، كېيىن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

تۇر، تۇر قوزام، تۇر، تۇر،
ئوتنىڭ ئۈچىنى ئەكەلدىم.
تۇر، تۇر، قوزام، تۇر، تۇر،
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم.

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوزا ھەيران بولۇپ، بىر ئىشەنگۈدەك، بىر ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك. ئىشكنى ئاچاي دېسە، بىرىنچىدىن، بۇنىڭ ئاۋازى مومايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمىغۇدەك، ئىككىنچىدىن، مومايىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس، تېخى ئەتىگەندەك. ئاچماي دېسە، بەلكىم موماي يېقىن يەرگە بېرىپلا ئالدىراپ قايتىپ كەلدىمىكىن ۋە ئىلدام مېڭىپ كەلگەنلىكتىن ھاسىراپ ئاۋازى ئۆزگىرىپ قالدىمىكىن، دەپ ئىككى خىيالدا قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىلمەي ئويلاپ تۇرغاندا، بۇ شەرتلىك سۆزلەر يەنە قايتۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قوزا تەۋەككۈل دەپ ئىشكنى ئېچىپتۇ-دە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزى ئىشكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن بۆرە قوزىنى كۆرمەي قاپتۇ. بىراق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئاچ بۆرىنى كۆرگەن بىچارە قوزا قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۆرە قوزىنى بىر چىشلەپ بېسىپتۇ-دە، تويغىچە يەپ، چىقىپ كېتىپتۇ.

بىرۋاقلاردىن كېيىن موماي كەلسە، ئىشىك ئوچۇق تۇرۇپتۇ، كىرسە قوزىنىڭ پەقەت ئۈستىخانلىرىلا قاپتۇ، خالاس. موماي «ئاھ» دەپتۇ-دە، تىلىنى چىشلەپتۇ ۋە «سەن بۆرىنىڭ شۇ قىلغىنىڭنى بىر قايتۇرمىسام، توختا!» دېگەن خىيالنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى موماي يېزىغا بېرىپ، يەنە بىر قوزا سېتىپ ئەكەپتۇ. ئۇنىمۇ خۇددى ئاۋۋالقى قوزىغا ئوخشاش بېقىشقا باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە موماي بوسۇغىنىڭ تۈۋىگە چوڭقۇر ئورا كولاپتۇ، تونۇرغا ناھايىتى كۆپ ئوتۇن قالاپ، ئۇنىڭ قوقاسلىرىنى ھېلىقى كولىغان ئورىغا كەلتۈرۈپ تۆكۈپتۇ ۋە ئۈستىنى بوش قىلىپ يېپىپ قويۇپتۇ. ئۆزى تاغار بىلەن كومزەكنى كۆتۈرۈپ تاغقا ماڭغان بولۇپ كېتىپتۇ-دە، ئاستاغىنا قايتىپ كىرىپ، ئىشكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. بىرۋاقلاردىن كېيىن بۆرە مومايىنى كېتىپ قالدى دەپ ئويلاپ، بۇ قوزىنىمۇ راسا يەپ تويماقچى بولۇپ كەپتۇ ۋە:

تۇر، تۇر قوزام، تۇر، تۇر،
ئوتنىڭ ئۈچىنى ئەكەلدىم.
تۇر، تۇر، قوزام، تۇر، تۇر،
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم.

دەپ ئىشككە يېقىنلىشىشى بىلەنلا، پالاققىدە قىلىپ ئورنىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۆرە ئۇ يەردە قوقاستا ئۆتلىنىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە چىرقىرىغۇدەك. شۇ چاغدا موماي چىقىپ: «ھە، قوزا يېگەندە مەززە قىلغاندۇرسەن، ئەمدى ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ تارتىپ كۆرگىن!» دەپ كۈلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۆرە قوزىغا قەست قىلىمەن دەپ، ئاخىر ئۆزى قوقاستا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ.

## ھۇرۇننىڭ ئۆلۈمى

زامانەمنىڭ زامانىسىدا، بولغانىكەن بىر ۋەقە، ھۇرۇنلارنىڭ ماكانىدا، خەلقئالەمگە مەلۇم ئىكەن، بىر ھۇرۇن كىيىن بوپتۇ ملك ھۇرۇن. كۈچا شاھى شاھ بولۇپ، شەھەر سو-راپ تۇرغاندا شۇ ھۇرۇن ھايات ئىكەن. ئۇ ھەمىشە ئىش قىلماي ئوڭدا يېتىپ، ئاش ئى-چىپ، قاچا بوشتىپ، يول مېڭىپ، كوچا بوشتىپ يۈرىدىكەن. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە نەدە سايە بولسا، بۇ ھۇرۇن شۇ يەردىن تېپىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دېھقان كوچىنىڭ بۇرجىكىدىن ئىلدام ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ھۇ-رۇن ئۇنىڭغا:

— ھوي، دېھقان ئاكا! نېمە ئانچە پايپاسلاپ يۈرىسەن، ئالدىرىماي ماڭساڭ، ئىشىڭ پۈتمەمدۇ؟— دەپتۇ.

— ئاشلىقىم پىشىپ قالغاندى، ئورمىچى تاپالماي يۈرىمەن، ئالدىرىمىسام شامالدا قې-قىلىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— ھە، بەللى! مانا، مەن ئىش تاپالماي يۈرسەم، سىز ئورمىچى ئىزدەپ يۈرۈپسىز، ئورمىڭىزنى مەنلا ئوروۇپ بېرەي، — دەپتۇ ھۇرۇن.

— ئۇنداق بولسا، بەك ياخشى بولاتتى. بۇنىڭ ھېسابىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى، ئەمسە ئەتە ئورمىغا چۈشۈك، — دەپتۇ دېھقان خۇشال بولۇپ.

— ئانچە ئالدىرىماڭ، ئالدىرىغان شەيتاننىڭ ئىشى، ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار دېگەننى بىلمەمسىز؟ ئاۋۋال سىز ماڭا چاي - تۇزلۇق بېرىڭ، مەن ئوزۇق - تۈ-لۈكنى تەييارلىۋېلىپ، بىر كۈندىلا ئورمىڭىزنى ئوروۇپ بولىمەن، — دەپتۇ ھۇرۇن.

— خوپ، خوپ، نېمە كېرەك؟

— بىر تونۇر توقاچقا لايىق ئۇن، پىشۇرۇشقا ئوتۇن، يېتەرلىك چاي، ئۆيدىكىلەرگە

چاي ـ تۇزلۇق ئۈچۈن ئاز ـ تولا تەڭگە بېرىڭ، شۇ چاغدا ئورمىڭىز ئورۇلۇۋېرىدۇ، — دەپتۇ.

دېھقان بۇنىڭغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئەتە ئورمىغا چىقىدىغان بولۇپ، كېلىشىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى دېھقان ئېتىزغا بارسا، ھورۇن كەلمەپتۇ. دېھقان خېلى خاپا بولۇپ، ئىچىدە كايىپ، ھورۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— ھوي، قانداق گەپ بولدى بۇ!؟ ۋەدە قېنى!؟ ئاشلىق قېقىلىپ كېتىدىغان بولدىغۇ، — دەپتۇ.

— خۇدادىن كەلسە ئۆزىڭىزمۇ قېقىلىپ كېتىسىز، بىر كۈننىڭ كارى چاغلىق، نان يىغىدىغان كىشى تاپالمىدىم، ئەتىلەردىن بىر گەپ بولۇپ قالار، — دەپتۇ ۋە دېھقانىنى يولغا سېپتۇ.

دېھقان ئەتىسى ئورمىنى يالغۇز ئورۇپ، كەچقۇرۇن ئېتىزدىن قايتىپ ھورۇنغا يولۇقۇپتۇ. بۇ قېتىم قاتتىق ئاچچىقى كەلگەچكە ئۇنىڭغا:

— تازا ئىش خۇشياقماس، تەييارتاپ ئوخشايسەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇرادەر، — دەپتۇ ھورۇن، — مەن ئورمىغا كەتكەندە بالچىقامغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرغۇدەك بىر ئادەم تاپالمايۋاتىمەن. ئەتىلەردىن بىر گەپ بولار.

دېھقان ئەتىسى كېلىپ، ناھايىتى رەنجىگەنلىكتىن:

— ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن، — دەپتۇ. ھورۇن:

— كايىماڭ، رەنجىمەڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىڭ، مىجەزىم يوق، بىتاپ بولۇپ قالدىم، ياخشى بولۇپ قالسام، ئەتە چىقىمەن، خۇدا خالىسا، — دەپتۇ.

دېھقان ئەتىسى يەنە كەپتۇ ـ دە، ئاتتىنمۇ چۈشمەي:

— ھوي، زادى ئىشلەمسەن ـ ئىشلىمەمسەن!؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىشلەيمەن، — دەپتۇ ھورۇن.

— قاچان ئىشلەيسەن؟

— قولۇم تەگكەندە ـ دە.

— سېنىڭ قولۇڭ تېگىدىغان كۈن بولامدۇ زادى؟ — دەپ سورىسا:

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ، — دېگىدەك ھورۇن.

— راستىڭنى ئېيت، قاچان قولۇڭ تېگىدۇ؟

— قۇم چىچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە.

بۇ سۆزلەردىن قاتتىق رەنجىگەن دېھقان:

— ھوي، تەييارتاپ، ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇر، بولمىسا دۇئا قىلىۋەت، — دەپ تەنە قىپتۇ. ھۇرۇن:

— دۇئا قىلسام قىلاي، — دەپ ئۇششۇقلۇق قىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭدىن قەرزىنىمۇ ئالالماي، ئورمىسنى ئۆزى ئوروپ تۈگىتىپتۇ.



دېھقانلار ئاشلىقنى ئوروپ، كۆزلۈك چېچىۋاتقاندا، ھۇرۇن يەنە ئىش قىلماي يېتىۋېرىپتۇ. جامائەت «بۇ ئىشلىمەي بالىچاقىسىنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن» دەپ بىرى يەر، بىرى ئۇرۇق، بىرى قوش، بىرى ئۇلاق بېرىپ، بىر پاتمان بۇغداي تېرىپ بېرىپتۇ. كېلەر يىلى ئاشلىق پىشقاندا، جامائەت ئۇنىڭغا:

— ساڭا جامائەتنىڭ ياردەم قىلىپ تېرىپ بەرگەن ئاشلىقى پىشىپ قاپتۇ، ئۇنى ئورۇۋالساڭچۇ، — دەپتۇ.

— شۇنچە غەمخورلۇق قىلغىنىڭلارغا مىڭ رەھمەت، تېرىپ، سۇغىرىپ، پىشۇرۇپ بەردىڭلار. ئەمدى بۇغداينى ئورۇپلا بەرسەڭلار، تولىمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

جامائەت:

— ئورمىڭنى ئۆزۈڭ ئور، مۇنچىۋالىمۇ ھۇرۇن بولغان بارمۇ!— دەپتۇ.

— مەيلى، ئۆزۈم ئورۇۋسامۇ ئوراي: بۇغدايلىقنى ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ ھۇرۇن. شۇنىڭدىن كېيىن، جامائەت ئۇنى تاشلاپ كېتىپ، كۇچا پادىشاھغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ شەھەردىكى ھۇرۇنلارنىڭ مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك، دېگەن ئويى بىلەن ۋەزىرلەردىن مەسلىھەت ئاپتۇ. ئۇڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ شەھەرگە ھۇرۇنلار سارىيى ياسىتىپتۇ. ئۇ پۈتكەندىن كېيىن

پۈتۈن پۇقراسىغا قارىتىپ جار سالدۇرۇپ، مۇنداق ئېلان قىپتۇ:

— ئەي، خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، پادىشاھى ئالەم ھۇرۇنلار سارىيى سالغۇزدى. پادىشاھ غۇسسىغا قاراشلىق بارلىق شەھەر خەلقى ئىچىدىكى ھەممە ھۇرۇنلار شۇ شەھەردە پادىشاھلىق تاماق بىلەن بېقىلىدۇ. كىمكى ئىش قىلماي پادىشاھلىق تاماق بىلەن جان بېقىشنى خالىسا، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە شۇ سارايغا بېرىپ ياتسۇن!— دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ھۇرۇنلار توپلىشىپتۇ. شەھەردە بىرمۇ ھۇرۇن قالماپتۇ. ھۇرۇن ئەمەس كىشى بۇ سارايغا كەلمەپتۇ. ساراي ئىچىدە نۇرغۇن قازانلار بىر ھەپتىگىچە قايناپ تۇرۇپتۇ. ساراي ئەتراپىغا ئوتۇنلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ھۇرۇنلار ئوڭدا يېتىپ، ئۇماچ ئىچىشكە باشلاپتۇ. «ھەممە ھۇرۇن يىغىلىپ بولدى» دەپ خەۋەر قىلغاندا، ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، پادىشاھ سارايىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى ياپمايلا ئوتنى قويۇپ بېرىپتۇ. ساراي بىللە ھەممە ھۇرۇن كۆيۈشكە باشلاپتۇ. قاچقىنى قېچىپتۇ، قاچمىغىنى يېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ھۇرۇن يېنىدا ئوڭدا ياتقان ھۇرۇنغا:

— ئاداش، ئوت ناھايىتى ئۇلۇغ كۆيۈۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟— دەپتۇ. يېنىدىكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكەن ھۇرۇن ئىكەن:

— قاچان قويۇپ يۈرەي. مېنىڭ ئۈچۈن سەن «پۈف» دەپ قويساڭ، — دەپ يېتىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سارايدىكى قاچمىغان ھۇرۇنلار كۆيۈپ كېتىپتۇ. ھازىرقى ھۇرۇنلار ھېلىقى قېچىپ كەلگەنلەردىن قالغانلارمىش.

## كۆزگە ئىلىنمىغان پۈتقا چوماق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئۆزىنى «دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق» دەپ ئويلاپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقماقچى بولۇپتۇ. قۇرت - قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئۇلار ئون كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن، ئەگەر سىرتقا چىقسا، ئاتلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ خەۋەر قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى چۈمۈلىلەر ئاڭلاپ، پادىشاھنى بىر كۈن مېھمان قىلىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ، مەسلىھەتكە كەپتۇ. لېكىن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كېتىپ بېرىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ يول توسۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ-دە:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ، يېقىنراق كەلگەندىن كېيىن چۈمۈللەرنىڭ پادىشاھىنى
چاقىرىپ سوراپتۇ.
— پادىشاھى ئالەم، جانابلىرىنى ھۇزۇرىمىزدا بىر كۈن قونۇپ، مېھمان بولۇپ كې-
تەمدىكىن دەپ، ئالدىلىرىدىن چىققاندۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈمۈلە پادىشاھى.
ئىنسان پادىشاھ ھەيران بولۇپ، زاڭلىق قىپتۇ:
— ھەي ئەخمەق! بىزغۇ قونارمىز؛ شۇنچە ئادەم بىلەن ئۇلاغلارنىڭ يېمەك - ئىچ-
مىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟...
— ئويلىدىم، پادىشاھىم، ئەمگىكىمىز بىلەن باياشات قىلارمىز، غەم قىلماڭ، — دەپ-
تۇ چۈمۈللەرنىڭ پادىشاھى.
بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
— «رىزقىڭلارنى خۇدايىم بېرىدۇ» دېگەن بولساڭ، مېنى يەڭگەن بولاتتىڭ. بىراق
سەن يېڭىلدىڭ: شۇنچە ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە ئەمگىكىڭ بىلەن قان-
داق جاۋاب قىلىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.
— تەخسىر، سىلى چۈشۈۋەرمەمدىلا. ئەگەر جاۋاب قىلالمىغاندا، ئاندىن مەن يېڭىل-
گەن بولمايمەنمۇ، — دەپتۇ چۈمۈللەرنىڭ پادىشاھى. پادىشاھ:
— قېنى، جاۋاب قىلغىنىڭنى كۆرەيلى، — دەپ، بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېتىشكە
ماقۇل بوپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن چۈمۈلە پادىشاھى مېھمانلارنى تىكىپ تەييارلاپ
قويغان چېدىرلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرىپتۇ. ئاتلىرىنى ئورنىتىلغان
لاڭقالارغا باغلاتقۇزۇپتۇ.



چۈمۈلە پادىشاھى ئەمر بېرىپ،
ھەربىر چۈمۈلىگە مېھمانلار ئۈچۈن
بىر تالدىن ناننىڭ ئۇۋىقى، بىر تالدىن
سۇلۇ ۋە بىر تالدىن ياۋا بېدە ئېلىپ
كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈمۈللەر بۇ
تاپشۇرۇقنى بىردەمدىلا ئو-
رۇنلاپ بوپتۇ. نان، بېدە
ۋە سۇلۇلار دۆۋە -
دۆۋە بولۇپ
كېتىپتۇ. بۇ
يىغىلغان نەر-
سىلەرنى پا-
دىشاھنىڭ

لەشكەر، ئات ـ ئۇلاغلىرى بىر كۈن يەپ، يېرىمىنىمۇ تۈگەتمەپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سوئال سوراپ يەڭمەكچى بوپتۇ ـ دە، چۈمۈلە پادىشاھىنى چاقىرىپ:

— ھەي چۈمۈلە، سېنىڭ بېشىڭ نېمانچە يوغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىمدا ئەقلىم تولا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاھى.

— بېلىڭ نېمانچە ئىنچىكە؟ — دەپتۇ يەنە پادىشاھ.

— مەن چوڭ ئىشلارغا ھەر دائىم بېلىمنى مەھكەم باغلايمەن، بۇگۈن سىلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بېلىمنى باغلىۋالغان ئىدىم. سىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن بېلىم ئىنچىكە كۆرۈنۈۋاتىدىغاندۇ، — دەپتۇ چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاھى.

پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، تېڭىرقىپ قاپتۇ. ئويلاپ ـ ئويلاپ ھېچ سوئال تاپالماپتۇ. شۇندا:

— پادىشاھى ئالەم، سىز ئۆزىڭىزنى ئەقىللىق ۋە سۆزمەن ھېسابلاپ يۈرىسىز. ئەجەب بىزنىڭ پادىشاھىمىزدىن يېڭىلىپ قالدىڭىزا؟ — دەپ چۈمۈلىلەرنىڭ ۋەزىرى زاڭلىق قىپتۇ. پادىشاھ بولسا، لام ـ جىم دېيەلمەي، شۇ خىجالەتچىلىكتە شىكارغىمۇ چىقماي، كەينىگە يېنىپ، شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ.

## قازىنىڭ ئاقىۋىتى

قەدىمكى زاماندا مەلۇم بىر شەھەردە بىر قازى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەم ناھايىتى قۇۋ، ئاچ كۆز بولۇپ، پۈتۈن ھاياتى مال ـ دۇنيا توپلاش بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈم يادىغا كېلىپ، باقىي دۇنيانىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرسا ـ قوپسا قىيامەتتىكى سوراق ـ سوئالدىن قورقۇپ، گۇناھىدىن ساۋابىنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن «ساۋاب»نى قانداق كۆپەيتىشنى بىلەلمەپتۇ.

ئاخىر ئويلىنىپ، دۇنيا ـ تەئەللۇقاتىنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ باشقىلارنىڭ ساۋابلىرىنى سېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بازارغا بېرىپ «ساۋاب»نى ساتىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپتۇ.

ئەمما ئۇنداق ئادەملەرنى بازاردىن تاپالماپتۇ. بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتقان ھاماقەت قازى «ئالدى بىلەن ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان كىشىنى تېپىش كېرەك» دېگەن ئەقىلنى تېپىپتۇ.

ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كەسىپ ئىگىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆڭۈلدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالدى بىلەن «دېھقان»نى ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىدۇ دەپ تاللاپتۇ-يۇ، لېكىن تولۇق بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمىغاندىن كېيىن يەنە باشقا ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ ئويلاپ كۆرۈپتۇ. بۇلاردىنمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولالماي، «باشقا كىشىلەردىن سوراپ كۆرەي» دەپ بىر تونۇش دۇكاندارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقان بولۇپ، گەپ ئارىلىقىدا دۇكانداردىن:

— قانداق كىشىلەر بۇ دۇنيادا ساۋابلىق ئىشلارنى ئەڭ كۆپ قىلىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ قازى.

— تەخسىر، — دەپتۇ دۇكاندار، — مېنىڭچە، ساۋابلىق ئىشلارنى ئەڭ كۆپ قىلىدىغان ئادەم كىشىلەرگە ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىتىپ، قاراڭغۇ دىلنى يورۇتىدىغان مۇدەررىس ئۇستازلار بولسا كېرەك، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغا قازى:

— راست، شۇنداق ئەمەسمۇ، ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردىڭ، كىشىلەرگە ئىلىم بەرگۈچىلەر ساۋابلىق ئىشنى ئەڭ كۆپ قىلىدىغانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇنداق كىشىلەرگە بەكمۇ ئامراق، — دەپتۇ ئۆزىنى بىلەرمەن كۆرسىتىپ. لېكىن ئۆزىنىڭ بىلمىسىزلىكىدىن ھەسرەتلىنىپ ئۇھ تارتىپتۇ.

ئەمما، كىمنىڭ ساۋابلىق ئىشنى ئەڭ كۆپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانلىقىدىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ-دە، مۇدەررىسلەردىن بىرىنى تېپىپ، ئۇ كىشىدىن «ساۋاب» سېتىۋالماق بولۇپتۇ.

بۇ شەھەردە سابىق ئەلىماخۇنۇم دېگەن 90 ياشلىق كاتتا بىر ئۆلىما كىشى بولۇپ مۇدەررىسلىك قىلغىلى 60 يىل بولغانىكەن. قازى بۇ كىشى بىلەن ئانچە - مۇنچە ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوبدانلا تونۇشىدىكەن.

قازى: «بۇ كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى پۈتۈنلەي ساۋابلىق ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئالەمدە تاپقان ساۋابى ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئۆزىدىن يېتىپ ئاشىدۇ. ماڭا بىر يېرىمىنى بېرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇدۇل ھېلىقى سابىق ئەلىماخۇنۇم دېگەن مۇدەررىسنىڭ مەدرىسەسىگە كەپتۇ.

بۇ چاغدا سابىق ئەلىماخۇنۇم ئۆز تالىپلىرىغا قىزغىن دەرس سۆزلەۋاتقانىكەن. قازى: «نېمە دەپ سۆزلەيدۇ، ئاڭلاپ باقاي» دەپ دەرسخانا پەنجىرىسىدىن قارىغانىكەن، سابىق ئەلىماخۇنۇم قازىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال دەرسنى توختىتىپ:

— باللىرىم، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، يۇرت ئۇلۇغلىرىدىن بىر كىشى كەپتۇ. كۆرۈشۈپ كىرەي، — دەپ سىرتقا چىقىپ قازىنى كۈتۈۋاپتۇ.

قازىمۇ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ سالاملىشىپتۇ.

مۇدەررىس قازىنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا چاي كەلتۈرۈپ تۇرۇپ:

— خوش تەقسىر! پېقىرنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتىلا. بىرەر خىزمەت بولسا بەجا كەلتۈ-
رۈشكە هازىرمەن، — دەپتۇ.

بۇنداق هۆرمەت سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قازىنىڭ ئىمانى قۇۋۋەت تاپقاندەك بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ «ئەمدى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى» دەپ ئۆز مۇددىئاسىنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— جانابلىرىنىڭ هۇزۇرىغا كېلىشمدىكى مۇددىئا شۇكى، كەمىنىلىرى بۇ شەهەردە شەرىئەت ئەھكامىنى تۇتۇپ، قازى بولغىنىمغا 30 يىل بولدى. هازىر 80 ياشقا كىرىپتى-مەن. بۇ جەرياندا يۇرت ۋە خەلقنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يېزا - قىشلاقلاردا يۈز نەچچە مو يەر - سۇغا ۋە ئالتە ئورۇندا باغ - هويلا، ئىمارەت ۋە چارۇ پايغا هەقدارمەن، شەهەر ئىچىدە سەككىز ئورۇندىكى هويلا - ئىمارەت، ساراي قاتارلىق تەئەللۇقاتلار قولۇمدا تۇرۇپتۇ. خوش، هەممە نەرسىدىن بىهاجەتمەن. لېكىن مەندە بىر نەرسە كەملىك قىلىۋاتى-دۇ. بۇنى سوراپ كەلدىم، بەرسىلە ئېيتىمەن، بەرمىسىلە ئېيتمايمەن، — دەپتۇ.



بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سابىق ئەلماخۇ-نۇم: بۇ قازاخۇنۇم هەممە نەرسىدىن بىهاجەت بولغاندىن كېيىن، ئەمدى مەندىن ئېھتىمال ئۆزى بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى سورىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپتۇ-دە:

— قېنى تەقسىر، ئېيتسىلا، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا تېپى-لىدىغان نەرسە بولسىلا بېرىشكە تەييارمەن، — دەپتۇ.

— خوش، — دەپتۇ قازى هىيلىگەرلىك بىلەن، — ئۇنداق بول-سا مەن ئېيتاي، جانابلىرى مۇدەررىسلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئىلىم سېلىپ، بىلىمدارلارنى يېتىشتۈرگىلى 60 يىل بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋابلىققا ئىگە بولدىلا، بۇ «ساۋاب»لار قىيا-مەتتە سىلىنى ئۇدۇل جەننەتكە ئەكىرىشكە يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئۇمۇرلىرىدە تاپقان «سا-ۋاب»نىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى ماڭا بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، بۇ ھەقتە ھۆججەت يېزىپ مۆھۈرلىرىنى بېسىپ بەرگەن بولسىلا، مەن بۇنىڭ بەدىلىگە يۇقىرىدا ئېيتقان تە-ئەللۇقاتىمدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سىلىگە بەرمەكچىمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سابىق ئەلماخۇنۇم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ-يۇ، بۇنداق ئاچ كۆز بىمەززە ئادەمگە ئىنساب، شۈكۈر - قانائەتتىن سۆز ئېچىش — ئەقلىلىك كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزىگە هاي بې-

رىپ، بىرپەس توختىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— تەقسىر، ئۆزلىرى پېقىرنىڭ ساۋابلىرىنى شۇنچىۋالا زىيادە ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن نېسىۋە ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ قاپتىلا، بۇ خۇددى «تۆگىگە مىنىپ، تۆگە ئىزدىگەن»دەك ئىش بوپتۇ. چۈنكى «ساۋاب» دېگەن ئەسلىدە سىلىدە ناھايىتى كۆپ، «ئاچ كۆزنىڭ قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويماس» دېگەندەك، يەنە مەندىن «ساۋاب» تەلەپ قىلغان بولسىلا، خەير، مەن باشتا ئېيتقاندەك سىلىدىن ھېچ نەرسە ئايىمايمەن، لېكىن مېنىڭ بىرلا شەرتىم بار، — دەپتۇ.

— خوش، قېنى ئېيتسىلا، — دەپتۇ قازى.

— مېنىڭ شەرتىم بەكمۇ ئېغىر ئەمەس، — دەپتۇ مۇدەررىس، — ئۆمۈرلىرىنىڭ ئوتتۇز يىلىنى قازى - قۇززاتلىق تاجىسىنىڭ سايىسىدا ئۆتكۈزۈپ، شەرئىيەتنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ كەلدىلە؛ مۇشۇ جەرياندا سىلى بىر تەرەپ قىلغان دەۋا - دەستۇرلەر ھېسابسىزدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئادالەت قائىدە - يوسۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلغان پەقەت «بىرلا» ئىشنىڭ ساۋابىنى ماڭا بەرسىلە، مەن ئاتمىش يىل جەرياندا تاپقان پۈتۈن «ساۋاب» لىرىمنىڭ ھەممىسىنى تىلىمدىن ھۆججەت بېرىپ سىلىگە ھەدىيە قىلغان بولاتتىم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قازىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي، رەڭگى ئاۋۋال چويۇندەك كۆكىرىپ، ئاندىن كۈزدىكى ئوت - چۆپتەك سارغىيىپ كېتىپتۇ-دە، ئۆزىنى مۇدەررىسنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

قازىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن مۇدەررىس مۇشۇنچىلىك شەرتكە كۆنمەيۋاتىدۇ، «ئالسام بەرمىسەم» دەيدىغان ئادەم ئوخشايدۇ، دېگەننى ئويلاپ، تەسەللى تەرىقىسىدە:

— تەقسىر، مەن كۆپ تەلەپ قىلمىدىم، بەك ئېغىر بولۇپ كەتتىمۇ؟ — دەپتۇ.

— يوقسۇ تەقسىر، — دەپتۇ قازى يىغلاپ تۇرۇپ، — مە... مەندە بۇنداق ئىش بولغانلىقىغا ئۆزۈم ھۆددە قىلالمايمەن، بۇ شەرتنى ئورۇنلاشقا ئاجىزلىق قىلىمەن.

— شۇنداقمىدى؟ — دەپتۇ مۇدەررىس زەردە بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق ئەلىماخۇنۇم، — دەپتۇ قازى تىلى كالۋالىشىپ.

— قازاخۇنۇم! — دەپتۇ مۇدەررىس تەمكىنلىك بىلەن، — ئادالەت بابىدىن ئېلىپ ئېيتقان بىر ئېغىز سۆز قىرىق يىللىق ئىبادەتتىن ئەلا بولىدۇ. سىلىنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى ئىشلىگەن ئاۋام ئىشلى-



رىدا «ئادالەت» بولمىغان بولسا سىلىنىڭ تاپقان ساۋابلىرىمۇ يوق ئىكەن. ئادالەت بىلەن ئىش قىلىش ئىمان جۇملىسىگە كىرىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئادىل بولۇش، ئادالەت بىلەن ھوقۇق تۇ-تۇپ خەلق ئىشىنى داۋام ئەتكۈزۈش ئەڭ ئۇلۇغ ساۋاب. مەنمۇ مۇشۇ شەھەردە ياشاپ بۇگۈن-گە كەلدىم. سىلىدە ئىنساب بولمىدى. ئاچ كۆزلۈكتىن ئۆمىد ئۈزمىدىلە. پۇلى بار بايلار، يۈزى يوغان ئۆكتەملەر جەسەتنى لىپپىقا سېلىپ سوۋغا قىلسا، سۈرۈشتە قىلماي يانچۇققا سېلىپ، «ئاقنى قارا» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، مەزلۇملارنى قاقشاتتىلا. ئەمدى سىلىگە سېتىۋالماقچى بولغان «ساۋاب» مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ئادالەت بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ساۋابى ھەممىدىن ئۈس-تۈن بولۇپ، خەلق قەلبىدىن ئۆچمەيدۇ، خەلق قەلبىدىن ئۆچمىگەن ساۋابلىق ئىشنىڭ ھېسابى خۇدانىڭ دەپتىرىدىنمۇ ئۆچمەيدۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ خەزىنىسى سىلىگە تەئەللۇق بولغان تەق-دىردىمۇ ئەل قىساسىنى ھەرقانچە بەدەل بېرىپ قايتۇرغىلى بولماس، خەير - خوش.

مۇدەررىس بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ تالىپلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قازىنىڭ كۆز ئالدىدا لاۋۇلداپ تۇرغان بىر گۈلخان پەيدا بول-غاندەك، بۇ گۈلخان ئۇلغىيىپ ئەتراپىنى قورشاپ كېلىۋاتقاندەك، ئاسماندىن بىر سىرتماق ساڭگىلاپ كانىيىنى بوغۇۋاتقاندەك بوپتۇ. قورقۇپ كېتىپ، لاغىلداپ تىترەپتۇ. ھەسرەت چېكىپ خىرقىراپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئاخىر قازى ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ داد - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ، ھېچكىم قېشىغا كەلمەپتۇ. تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىپتۇ، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بوپتۇ. «يۈرىكىم، سەن سوقۇۋاتامسەن» دەپ پىچىرلاپتۇ قازى.

— مېنى، — دەپتۇ يۈرەك ئاستا لىپىلداپ، — ئادالەتنىڭ خەنجىرى سەندىن ئايىر-دى، ياردەم قىلالمايمەن.

شۇ ھامان يەر يېرىلىپتۇ-دە، بۇ ئادالەتسىز قازىنى يۇتۇپ كېتىپتۇ.

## مازاقخور مازاقتا ئۆلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ زىبالىقتا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان تۆت قىزى بار ئىكەن. قىزلار رەسىدە بولۇپ بويىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سودىگەر ھېچ-قايسىسىنى ياتلىق قىلماپتۇ. «قىزلىق ئۆي خان كۆۋرۈكى» دېگەندەك، يېقىن - يىراقلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ، لېكىن ئۇلار ھەسرەت بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. چۈنكى، قىزلارنىڭ كەن-جىسى تولىمۇ مازاقخور بولۇپ، كەلگەن يىگىتلەرنى ياراتماي مازاق قىلىدىكەن.

قىزلارنىڭ يۇرتىغا يىراق بولغان يايلاقتا بىر چارۋىچى ياشايدىكەن، ئۇنىڭ راسا قۇ-
رامىغا يەتكەن ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئوغۇللارنىڭ چوڭى يەم - پاراسەتلىك يىگىت بو-
لۇپ، ئىسمى مۇرادىل ئىكەن. ئۇ مال بېقىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزلارنىڭ
داڭقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، ئىككى ئىنىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك يولنى
توپتوغرا بىر يېرىم كۈندە بېسىپ چۈش بولاي دېگەندە مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزلە-
رىنى تۈزەشتۈرۈپ سودىگەرنىڭ قورۇسىغا قەدەم بېسىپتۇ.

ئۆيدە سودىگەر يوق ئىكەن، قىزلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىپ-
تۇ ۋە ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. داستىخانغا بىر پەتنۇس بۇغداي قومىچى قويۇپ يىگىتلەر-
نى قوماچ يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزلىرىمۇ داستىخانغا كېلىپ ناز بىلەن ئولتۇرۇشۇپتۇ.
قىزلار ياقىسىدىن بىردىن يىڭنە چىقىرىپ، بۇغداي قومچىنى يىڭنە بىلەن سانجىپ ئېلىپ
يېيىشكە باشلاپتۇ. يىگىتلەر دەسلەپتە بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. كېيىن قىزلارنىڭ چىرايلىق
تەكلىپلىرى بىلەن قوماچنى ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ ئېلىپ يەپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە
پەتنۇسنى بىكارلاپ قويۇپتۇ. بىرئاز جىمجىتلىقتىن
كېيىن، مۇرادىل ئورنىدىن قول باغلاپ تۇرغىنىچە
ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ.



قىزلارنىڭ چوڭى ئەدەپ بىلەن ئورنى-
دىن تۇرۇپ ئەمدىلا «ئوبدان، ئوبدان»
دەپ گەپ باشلاپ بولغۇچە ھېلىقى مازاق-
خور كەنجى قىز مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ۋاي بولدىيەي، «ھەپتىكى شەپتە-
كى» دېگەن گەپ بار. سىلەر بەكمۇ ئاچ
كۆز، تويمىغۇر ئىكەنسىلەر. بىز سىلەرنىڭ خې-
لىڭلار ئەمەس. ئۆز خىلىڭلارنى سەھرادىكى دو-
تەيىنىڭ پوتىيىدىن تېپىۋېلىڭلار، — دەپ گەپنى
ئۈزۈپتۇ. ئاچىلىرى بولسا لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراشقا
مەجبۇر بوپتۇ. چوڭ ئۈمىدتە كەلگەن يىگىتلەر بۇ گەپنى
ئاڭلاپ، كەلگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ، بولۇپمۇ مۇرادىل ئىنى-
لىرىنىڭ ئالدىدا بەك خىجىل بوپتۇ. ئۇ ئۈن -تىنسىز چىقىپ
كېتىۋېتىپ ئاشخانىدىكى قازاندا بىر توپاقنىڭ چوقا - پا-
قالچىقى پورۇقلاپ قايناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە،

دەرھال كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇ ئىنىلىرىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا باشلاپ كېلىپ:

— ئىنىلىرىم، بىزنى مازاق قىلغان شۇ مازاقخور قىزنى بىزمۇ راسا كېلىشتۈرۈپ بىر مازاق قىلىپ قويايلى، — دەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. مۇرادىل گېپىنى تۈگىتىپ، ئىنىلىرىنى ئاستاغىنا ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسىگە باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇلار تۈڭلۈكتىن ئاشخانىغا قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن قىزلار ئاشخانىغا يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ تولىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن قازاندىن گۆشلەرنى ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قىزلارنىڭ كەنجىسى توپاقنىڭ بىر قۇلىقىنى ئاپتۇ-دە، پۇۋلەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي قىزىق پېتى ئاغزىغا سېپتۇ. دەل شۇ پەيتتە تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ تۇرغان مىرادىل:

— بەللى، ئاش - تاماقتا كۆز - قارنى توق پاشاقىز، قوماچ پاتمىغان ئېغىزلىرىغا توپاق قۇلىقى بوش كەلدىغۇ دەيمەن، — دېگىنىچە ئىنىلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇ تاسادىپىي مەسخىرىدىن بەك ئوسال بولغان مازاقخور قىز ئاغزىدىكى توپاق قۇلىقىنى يا چىقىرىۋېتەلمەي، يا يۇتۇۋېتەلمەي نەپەسسىز قاپتۇ-دە، شۇ يەردە يىقىلىپ جان بېرىپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە مۇرادىل ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى سودىگەرنىڭ قالغان ئۈچ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئوچاقلىق بوپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «مازاقخور مازاقتا ئۆلەر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن ئەل ئىچىگە تارقالغانىكەن.

## يىلان، دېھقان ۋە قارلىغاچ

بۇرۇن - بۇرۇندا، ئەسكى جاڭگالدا يولۋاس پادىشاھ، ئېيىق ۋەزىركەن. كېيىك خەزىركەن، بۆرە قاراقچى، تۈلكە يالاقچى، توخۇ داڭگالچى، ئۆچكە جاڭگالچى، ئاق قۇشقاچ ئېقىمچى، قارا قۇشقاچ چېقىمچى، سېغىزخان خەۋەرچى ئىكەن. قىرغاۋۇل جەددىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن، ئەنە شۇ زاماندا تەڭرىتاغلىرىنى ئېتىكىدە ناھايىتى بۈك بىر ئورمان بار ئىكەن. ياز كېلىشى بىلەنلا قارلىق چوققىلاردىكى مۇزلار ئېرىپ، نۇرغۇن چوڭ - كىچىك ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ، ئەنە شۇ ئورماندىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئورماندا تۈرلۈك - تۈمەن ھايۋانات، ئۇچار قاناتلار، خىلمۇخىل قۇرت - قوڭغۇز ياشايدىكەن. ئورماندىكى بارلىق جانلىقلار ئورمان پادىشاھىنىڭ ئەمرىمەرۇپ، قائىدە - نىزاملىرىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىدىكەن.

بۇ ئورماننىڭ جەنۇب تەرىپى ئۇپۇققا تۇتاشقان گۈزەل بوستانلىق بولۇپ، ئادەملەر تېرىقچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرىدىكەن. ئورماننىڭ شىمال تەرىپىدە پۈتكۈل جاھانغا

مەشھۇر بىر كاتتا شەھەر بار ئىكەن. ھەر يىلى كۈزدە تېرىقچىلار يىغقان ئاشلىقلىرىنى شە-
ھەرگە ئەكىرىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇپ چىقىدىكەن. بۇنىڭ ئۇ-
چۈن پەقەت ئاشۇ بۈك ئورماندىن كېسىپ ئۆتۈشكىلا توغرا كېلىدىكەن. ئۇ زاماندا ئىن-
سانلار بىلەن ھايۋانلار بىر - بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشماي، خەۋپ - خەتەر يەتكۈ-
زۈشمەي، ئۆم - ئىتتىپاق، ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشىدىكەن.
ئورمان پۇقرالىرى قائىدە - نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلغاچقا، ئەزەلدىن ئوغرىلىق
ۋەقەسى سادىر بولۇپ باقمىغان ئىكەن. ئورماندىكى بارلىق جانلىقلار ئورمان پادىشاھى
تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئوزۇقلۇقلىرى بىلەن تىنچ - ئامان ھايات كەچۈرىدىكەن.
بىر كۈنى تۆگە سۇ ئىچكىلى كەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقى يوقاپ كېتىپتۇ. تۆگە بۇ
ئىشنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمەپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە كۈن ئۇدا تەكرارلىنىپتۇ. تۆگە بىچارە
بىرنەچچە كۈن ئاچ قاپتۇ ۋە بۇ ئىشنى ئورمان پادىشاھىغا مەلۇم قىپتۇ. يولۋاس پادىشاھ تۆگە
سۇ ئىچكىلى كەتكەندە ئۇنىڭ يېمىگە سېغىزخاننى كۆزەتچىلىككە قويۇپتۇ. چىققۇچۇش مەزگىل-
دە سېغىزخان دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ مۆگدەپ قاپتۇ. تۆگىنىڭ يېمىگە تاما تارتىپ ماراپ
ياتقان يىلان دەررۇ كېلىپ تۆگىنىڭ يېمىنى يەۋاپتۇ ۋە سەزدۈرمەي تۆگىنىڭ ئالدىغا خەۋەر
يەتكۈزۈشكە چېپىپتۇ. ئۇ زاماندا يىلاننىڭ ناھايىتى نۇرغۇن پۇتلىرى بولۇپ، باشقا ھايۋانلار-
دىن تېز يۈگرەيدىكەن. شۇڭا ئۇ يېرىم يولدىلا تۆگىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە سېغىزخاننىڭ يەمنى
يەۋالغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. تۆگە يىلان بىلەن بىللە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، سېغىزخان ھەق-
قەتەن دەرەخ شېخىدا مۆگدەپ ئولتۇرغىدەك. تۆگە بىلەن يىلان ئورمان پادىشاھىغا دەررۇ
ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ. ئورمان پادىشاھى سېغىزخاننى جازالاشقا كېيىكنى بۇيرۇپتۇ. كېيىك سې-
غىزخاننىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىگە ئىشەنسىمۇ، ئورمان پادىشاھىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، خۇدادىن
سېغىزخاننى چالا ئۇخلايدىغان، سەگەك قىلىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ئاللاتائالا كېيىكنىڭ ئىل-
تىماسىنى قوبۇل قىلىپ، سېغىزخاننى تىرىق قىلىسلا شاراخشىيدىغان ئەڭ سەگەك قۇشقا ئايلان-
دۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن يولۋاس پادىشاھمۇ رازى بوپتۇ. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئورماندا
ئوغرىلىق ۋەقەسى تۈگىمەپتۇ. بىر كۈنى مېكىيان تۇخۇم تۇغقىلى يۇمشاق پاخال ئىزدەپ كېتىپ
قالغان پۇرسەتتە ئوزۇقلۇقى يوقاپ كېتىپتۇ. بۇ دەل نامازشام مەزگىلى ئىكەن. ئورمان پادد-
شاھى كېچىدە كۆزەتتە تۇرۇشقا كىمنىڭ ياراملىق ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. مۈشۈكياپىلاق ئۆزىنىڭ
سەزگۈرلۈكىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىپتۇ. ئورمان پادىشاھىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۈشۈكيا-
پىلاق كېچىلىك كۆزەتچىلىككە تەيىنلىنىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى كېچىسى كۆرمەيدىكەن. مۈ-
شۈكياپىلاق غەمگە چۆمۈپتۇ ۋە خۇدادىن ياردەم تىلەپ نالە قىپتۇ. خۇدا مۈشۈكياپىلاقنىڭ تى-
لىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى كېچىسى كۆرىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. گۈگۈم چۈشۈشى
بىلەنلا توخۇ قونداقتا چىقىپ مۆگدەشكە باشلاپتۇ. يىلان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، توخۇنىڭ
يېمىنى يەۋاپتۇ-دە، قېچىپ كېتىپتۇ. مۈشۈكياپىلاق بۇ ئەھۋالنى ئورمان پادىشاھىغا مەلۇم قې-

تۇ. ئورمان پادىشاھى دەرغەزەپ بىلەن بارلىق ھايۋانلارغا يىلاننى تۇتـۇپ كېلىـشنى بۇيـرۇق
قىپتۇ. ئورماندىكى بارلىق ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار بىرلىكتە يەر ۋە ئاسماندىن قورشاپ كەپ-
تۇ. يىلان قانچە يۈگرۈك بولسىمۇ ئورماندىكى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ توردىن قـۇ-
تۇلالماپتۇ. ئۆمۈچۈك تور توقۇپ يىلاننى باغلاپتۇ. بۈركۈت تورنى قاماللاپ ئۇچۇپ باغلاقتىكى
يىلاننى ئورمان پادىشاھىنىڭ ئـالدىغا تـاشلاپتۇ. ئـورمان پادىشـاھى يىلانـنى قانداق جازالاش
ئۈستىدە ئورماندىكى بارلىق ھايۋانلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. ئـورماندىكـى بارلىق ھـاي-
ۋانلار يىلاننىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە نەپرەتلىـنىپ، ئۇنـىڭ يۈگۈرۈك پـۇتلىرىـنى كېسىـپ، ئۆتكـۈر
چىشلىرىنى چېقىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. قارار ماقۇللانغـاندىن كېيىن ئورمـان پادىشاھـى
جازانـى ئىجرا قـىلىشـقا كېيـىكنى بـۇيرۇپتۇ. كـېيىك قـان تۆكۈشـنى زادىلا ياقتـۇرمايدىكـەن.
شۇڭلاشقا ئۇ خۇداغا ئىلتىجا قىپتۇ. خۇدا يىلاننىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى
تەتۈر ئۆرۈپ، يۈگۈرۈك پۇتلىرىنى قورسىقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپتۇ. ئۆتكۈر چىشلـىرىنى تۆكـۈ-
ۋېتىپتۇ. يىلان شۇنىڭدىن بۇيان پۇتسىز ۋە چىشسىز بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى بوستانلىقتىن باشلايلى.

قەدىمي ئورماننىڭ بوستانلىقتا تۇتىشىدىغان چېتىدە ئەمگەكچان ۋە ئـاق كۆڭۈل بىـر
يىگىت دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دېھقان يىگـىت بىر قـاپ بۇغداينـى
ئۆشنىسىگە يۈدۈپ شەھەرگە سودا قىلغىلى مېڭىپتۇ. دېھقان يىگىت ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كـې-
تىۋاتقىنىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. دېھقان



قاپـتىكى بـۇغداي ھۆل بولـۇپ
كەتمىسۇن دەپ يوپۇرماق ۋە
شـاخلىرى قـۇرۇق بىر قـېرى
دەرەخنىڭ ئاستىغا كـېلىپ ھـار-
دۇق ئالمـاقچى بوپـتۇ ۋە قاپنـى
قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا، پاخاللار بە-
لەن دالدا قىپتۇ. دېھقان يىگىت ھـار-
دۇق ئېلىپ ئولتۇرسا، يېقـىنلا بىر يـەر-
دىن ئىڭرىغان سادا كەپتۇ. دېھقان يىگىت
ئەتراپـىغا نەزەر سالـغۇدەك بولسـا،
يېنـىدىكى ئـازگالدا بــىر
كىچىك يىلان بالـ-
سى پاتقاقتا مىلىنىپ
زارلـىنىۋاتقـۇدەك،
قانچـە ھەپـلـەش-

سىمۇ ئازگالدىن چىقالمايۋاتقۇدەك، ئاق كۆڭۈل دېھقان يىگىت باشقىلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پۈرستى كەلگەنلىكىنى پەملەپتۇ. ئاڭغىچە يىلان بالىسى زۇۋانغا كىلىپ دېھقان يىگىتكە:

— ئەي ئاق كۆڭۈل ئىنسان! مېنى قۇتقۇزۇۋال. قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنۇتۇمايمەن!— دەپ ناله قىپتۇ. دېھقان يىگىت ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— ئەي بىچارە يىلان بالىسى، خاتىرجەم بولغىن! خۇدا بىزنى ياراتقاندىلا، بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈنۈڭلار، مېھىر - شەپقەتلىك بولۇڭلار، ۋاپاغا جاپا قىلماڭلار، ئۆم بولۇپ جاھاننى گۈللەندۈرۈڭلار، دەپ تاپىلىغان. خۇدانىڭ يولىدا ماڭمىغانلار ھېچقاچان روناق تاپقان ئەمەس. سېنى قۇتقۇزۇۋېلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دەپتۇ-دە، يىلان بالىسىنى ئازگالدىن چىقىرىپ، باش - كۆزنى سۈرتۈپ تازىلاپتۇ. قويىنغا تىقىپ ئىسسىتىپ قۇرۇتۇپتۇ. ئاڭغىچە يامغۇرمۇ توختاپتۇ. دېھقان يىگىت يىلاننى قوينىدىن چىقىرىپ باش - كۆزنى سىلاپ قويۇۋېتىپتۇ. يىلان بالىسمۇ دېھقان يىگىتكە تەھسىن - تەشەككۈر ئوقۇپ خوشلىشىپتۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقنى، ۋاپاغا جاپا قىلمايدىغانلىقنى قايتا - قايتا ئىزھار قىپتۇ. دېھقان يىگىتمۇ يىلان بالىسى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ. دېھقان يىگىتمۇ ساقاللىق بوۋايغا ئايلىنىپتۇ. يەنە شۇنداق سىيخى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دېھقان بوۋاي بىر قاپ بۇغداينى ئۆشنىسىگە يۈدۈپ بۇك ئورماننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كاتتا شەھەرگە سودا قىلغىلى مېڭىپتۇ. دېھقان ئورمان ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئۆتەر يولىدا ناھايىتى يوغان بىر غەلىتە مەخلۇق تولغۇلۇپ ياتقۇدەك، سەپسىلىپ قارىغۇدەك بولسا، سەمرىپ تىرىسىگە پاتماي قالغان ئىنتايىن يوغان بىر يىلان ئىكەن. دېھقان يىلانغا قاراپ:

— ھەي بۇرادەر، بىر چەتترەك ياتساڭ قانداق؟ ئۆتەر يولنى توسۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟— دەپتۇ. يىلان پىسەنت قىلمىغان ھالدا:

— ئۆزۈڭ كىمسەن، مىتە قۇرت؟ ماڭا بۇيرۇق قىلىدىغانغا قانداق پېتىندىڭ؟!— دەپ گۈركىرەپتۇ. دېھقانمۇ بوش كەلمەي:

— بۇ يولنى ئىنسانلار مېڭىپ پەيدا قىلغان، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ مۇشۇ يولدىن ماڭىدۇ. سېنىڭ بۇ يولدا يېتىۋالىدىغان نېمە ھەققىڭ بار؟— دەپتۇ. يىلان بىر سىلكىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ-دە، دېھقانغا قاراپ:

— ھەي شۇمتەك! ئاكاڭنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ گەپ قىل! مەن بۇ يەردە كۈتۈپ ياتقىلى بىر ئاي بولدى. تولا چىشىمنى قىرىشتۇرما!— دەپ خىرقىراپتۇ. دېھقان تېخىمۇ غەزەپلىنىپ:

— سەن مېنى شۇمتەك دەيسىنا، مەن ئاشۇ ئۇدۇلۇڭدىكى بوستانلىقنى ياراتقان ئىنسانمەن. مەن ئاشۇ يەرنىڭ ئىگىسى!— دەپ خىتاب قىپتۇ. يىلان:

— بىلجىرلىما! سەن مېنىڭ نەزىرىمدە يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئەخمەق شۇمتەكسەن. ئال-

دىمغا ئۆزۈك كەلگەنىكەنسەن، بىر ۋاقلىق ئوزۇقتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايمەن. ھازىر مېنىڭ قارنىم ئاچ، جىق گەپكە رايىم يوق، — دەپتۇ. دېھقان تازا سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يوغان يىلان ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئۆزى ئازگالدىن چىقىرىپ ھاياتىنى قوغداپ قالغان يىلان بالىسى ئىكەن. بوۋاي شۇندىلا ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ:

— ھوي بۇرادەر، بۇ سەن ئىكەنسەنغۇ، بىز ئۇزاق يىللىق قەدىناسلاردىن ئەمەسمۇ؟ كىچىك چېغىڭدا مەن سېنى پاتقاق ئازگالدىن چىقىرىپ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئەمەسمىدىم، ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟— دەپتۇ. يىلان تازا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋېتىپ:

— ھەي، دۇنيادا ئىنساندىنمۇ ئەخمەق مەخلۇق بارمىدۇ؟ كىم سېنى مېنى قۇتقۇزۇۋالسۇن دەپتۇ؟ ئەمدى يۇۋاشلىق بىلەن ماڭا ئوزۇق بولسەن!— دەپتۇ.

دېھقاننى قاتتىق سۈر بېسىپتۇ. قورقىنىدىن غال - غال تىترەپتۇ. ئۇ ئاخىر يىلانغا:

— ئەي مەرھەمەتلىك يىلان شاھ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن، كونا قەدىناسلىقىمىز ۋە مېھىر - مۇھەببىتىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا بىر قېتىم رەھىم - شەپقەت قىلغىن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— قوي يوقىلاڭ گەپلىرىڭنى!— دەپتۇ يىلان دېھقانغا خىرىس قىلىپ، — يىلان قاچان ئىنسان بىلەن دوست بولۇپ باققان؟ مېنىڭ كەسپىم ئەزەلدىن ئىنسانلارغا زەھەر سانجىش، ئاندىن ئۇنى يالماپ يۇتۇش، ئادەم قېنىدىن ھۇزۇرلىنىش، پاشا جېنىدا قان شوراپ ھۇزۇرلىنىدۇ. شۇنچە يوغان بەستىم بىلەن پاشىچىلىكمۇ بولالمامدىم؟

دېھقان شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قىلغان سەۋەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سېزىپ قاتتىق ھەسرەتلىنىپ ياش تۆكۈپتۇ. يىلان دېھقانغا ئېتىلغىنىچە كېلىپ ئۇنىڭغا زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىش ئۈچۈن ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاسماندىن بىر قارلىغاچ ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ ۋە يىلانغا قاراپ:

— ھەي بۇرادەر، ئالدىرىما، سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ، نېمىگە ئالدىراپسەن!— دەپتۇ. يىلان دەررۇ قارلىغاچقا:

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟ رىزقىمغا چاڭ سالماقچىمۇ سەن؟— دەپتۇ غەزەپلىنىپ قارلىغاچ:

— مەن ئورمان پۇقراسى قارلىغاچمەن، قانداقمۇ سېنىڭ رىزقىڭغا چاڭ سالاي.. ئەمما بايا دېگەن بىر گېپىڭدىن تولىمۇ ھەيران قالدىم. سەن بايا، مېنىڭ كەسپىم ئەزەلدىن ئىنسانلارغا زەھەر سانجىش ۋە ئۇلارنى يالماپ يۇتۇش، دېدىڭ. سېنىڭ ئاغزىڭ كىچىككىنە تۇرسا، ئۆزۈڭدەك نەچچە پارچە چىقىدىغان بۇ ئادەمنى يالماپ يۇتالىشىڭغا زادىلا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. يىلان مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— سېنىڭ تېخى خەۋىرىڭ يوق ئوخشايدۇ. خۇدا ماڭا غەزەپلىنىپ، يۈگۈرۈك پۇتلىرىم بىلەن ئۆتكۈر چىشلىرىمنى نابۇت قىلىۋەتكەندىن كېيىن يەر بېغىرلاپ مېڭىش ۋە يالماپ يۇتۇش ماھارىتىمنى ئاشۇردۇم، ئۆزۈمدىن بەش - ئالتە ھەسسە يوغان نەرسىلەرنى يالماپ يۇتالايمەن،

بۇ چاغدا ئاغزىم رىزىنكىدەك كېرىلدۇ، ــ دەپتۇ. قارلىغاچ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ سەن ئەزەلدىنلا زەھەرلىك يىلانمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. يىلان پەخىرلەنگەن ھالدا:

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق، دادامۇ، بوۋامۇ، بوۋامنىڭ بوۋىسىمۇ، بوۋامنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ... باشقىلارغا زەھەر سانجىپلا ئۆتكەن. ئىشەنمىسەڭ بوستانلىقتىكى باشقا ئادەملەردىن، ئورماندىكى ھايۋانلاردىن سوراپ باققىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دۈشمەنلىرىم. شۇڭا مەن ئۇلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن دەرەخ كامارلىرى، غار - ئۆڭكۈرلەر، تاش قىسىلچاقلىرى، ئوت - چۆپ ئارىسى، يەر تېگىدە پاناھلىنىمەن... مانا ماۋۇ ئالدىمدا غال - غال تىترەپ تۇرغان ئەخمەق بىر زامانلاردا مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان. ئەمدى مەن بۇنىڭغا نەشتىرىمنى سانجىپ ئۆلتۈرۈپ ئاندىن يالماپ يۇتماقچىمەن، ــ دەپتۇ. قارلىغاچ باش لىڭشىتىپ:

ــ دۇرۇس، سەن توغرا ئېيتتىڭ، ئەخمەق ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە قىلمىشى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم! سەن بۇنى ھازىرلا يالماپ يۇتۇۋەتسەڭ بولغۇدەك، ئەمما بىر ئىشتىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ. يىلان ئالدىراپ - سالدىراپ:

ــ مېنىڭ كەسپىم ئەزەلدىن زەھەر سانجىش. بۇ ماڭا ئەجدادىمدىن قالغان ھۈنەر، بۇمۇ خۇددى ئادەملەرگە ئەخمەقلىق مىراس قالغاندەك ئىش... ئەگەر سەن ھۈنىرىمگە ئىشەنمىسەڭ ئالدىمدا تۇرغان مۇنۇ گالۋاڭ دېھقاننى ھازىرلا زەھەرلەپ ئۆلتۈرىمەن، ــ دەپتۇ. قارلىغاچ شۇئان:

ــ توغرا، توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئانام دائىم ماڭا «زەھەرلىك يىلاننىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا بىر بەلگىسى بار» دەيتتى، سېنىڭ ئاشۇنداق بەلگەڭ بارمۇ - يوق؟ ئەگەر شۇنداق بەلگەڭ بولسا، مۇنۇ دېھقاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، يالماپ يۇتۇۋەتسەڭ بولغۇدەك، ــ دەپتۇ. يىلان مەيدىسىنى كېرىپ:

ــ ئەلۋەتتە تىلىمنىڭ ئاستىدا بەلگە بار، ئۆزۈممۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئەمما مەن نۇرغۇن جانلىقلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، يالماپ يۇتۇۋەتكەنمەن، ئەگەر كۆرۈپ باقمەن دېسەڭ مانا قارا، ــ دەپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تىلىنى چىقىرىپتۇ. قارلىغاچ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئوقتەك ئېتىلغىنىچە يىلاننىڭ تىلىنى چوقۇلاپتۇ-دە، تىلىنىڭ ئۈچىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. يىلان بىرلا چىرقىراپتۇ-دە، ئاۋازى چىقمايلا قاپتۇ، ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپتۇ ۋە جان ئاچچىقىدا قارلىغاچقا ئېتىلىپتۇ. شۇئان قارلىغاچمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. يىلاننىڭ ئاغزىدا بولسا قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىدىكى بىر تۇتام پېيىلا قاپتۇ. دېھقان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپتۇ-دە، دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان قارلىغاچنىڭ
قۇيرۇقلىرى ئىككى ئاچىمىش.
يىلان دائىم ۋىچىلدايدىكەن،
زۇۋانى يوق - تىلسىز گاچىمىش.

责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画:阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——愚蠢的国王(精选儿童童话)
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)